# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

Xinjiang Cirization



4

1986



يەنە ئۈچتە ياخشى (ياسىن خاموش سىزغان)

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
35 - يىل نەشرى
1986 - يىل 4 - سان

# بۇ ساندا

## ئەدەبىيات گۈلزارى

يېڭى قەبرە ............ (ھېكايە) ............ مۇھەممەد باغراش 2
قەلبلەر ئاسمىنىدىكى چولپان ...... (نەسر) ............ ئىنايەتۇللا قۇربان 63
رۇخسارى ............ (داستان) ............ رەخىم قاسىم 16
ئەخمەدجان ئۆتقان گۈلچاي ......(باللادا) ............ ماخمۇد مۇھەممەد 51

## سەھنە ماتېرىياللىرى

ناخشا تېكىستلىرى ............ ھەمتىلى زۇنۇن 41
ھايات يولى ............ (ناخشا تېكىستى) ............ مىجىت تاش 45

## مىللىي بايراملار

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي بايراملىرى ............ جۇنەيد بەكرى 46

## ئۆرپ-ئادەتلەر

قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆرپ-ئادەتلىرى ............ نىزامىدىن ھۈسەيىن 56

## دۇنياغا نەزەر

مۇسۇلمان دۇنياسىغا سەپەر ............ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 25

## قىزىقچىلىرىمىز

ئىشقەبارنامەت لەتىپىلىرى ............ 65

## تۇرمۇش ئەينىكىدە

يالغانچى بىلەن گۇپپاڭچى ............ (فېلىيەتون) ............ ئەخەد ھاشىم 67
بېكەتتە ............ (مىكرو ھېكايە) ............ ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى 72

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

پادىشاھ بىلەن يۇھا ............ (چۆچەك) ............ 73
مۇھەببەت بېيىتلىرى ............ 79

## ھەۋەسكارلار كۇلۇبى

ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىپ ساقلىغۇچىلار ............ 71

## خەتتاتلار كۆرىكى

ھۆسنخەتلەر ............ ئابلىكىم ئەھەت 80

مۇقاۋىدا: توي تاچانىلىقتا ............ ئەبەيدۇللا ئابدۇللا سىزغان
بۇ سانىدىكى بەت بېشى ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا ئىشلىگەن

# يېڭى قەبرە



(ھېكايە)

مۇھەممەد باغراش

شەھەر سىرتىدىكى قاقاس تۆپىلىك باغرىغا جايلاشقان قەبرىستان. قەبرىستانىنىڭ چېتىدىكى قەبرىلەر شالاڭراق ئوچۇقچۇلۇقتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. يېڭى قېزىلغان تۇپراق بېشىدا يىپەك گىلەم يېپىلغان جىنازا چوقچىيىپ تۇراتتى. يەرلىك تېخى تەييار بولمىغاچقا، مېيىت يەرگە ئېلىنمىغان. تۇپراق بېشىغا مېيىت ئۇزىتىپ كەلگەن 70-80 چە ئادەم مۇراسىمنىڭ رەسمىي باشلىنىشىنى كۈتۈپ گاھىلىرى ئۇدۇل كەلگەن قەبرىلەرنىڭ خاتىرە تاشلىرىغا ئويۇلغان يازمىلارنى ئوقۇغاچ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشسە، گاھىلىرى ئىلگىرى بۇ يەرگە قويۇلغان يېقىنلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئىزلەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىپ ئولتۇراتتى.

يېڭى قېزىلغان يەرلىكنىڭ بېشىدا يەتتە سەككىز كىشى پاي - پىتەك بولۇشاتتى ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېقىنلا يەردە توختىتىپ قويۇلغان ماشىنا كوزۇپىدىن يەرلىكنىڭ ئېغىزىنى ئېتىشكە ئىشلىتىدىغان كېسەكلەرنى توشۇيتتى، يەنە بەزىلىرى قوللىرىغا كەتمەن - گۈرجەك ئېلىشىپ يەرلىكنىڭ ئەتراپىدا بىر نېمىلەرنى قىلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ بېلىگە باغلىغان بەلبېغى ۋە باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچەرەك، ئۈستىگە خاس ھازا ئۈچۈن تون ۋە دۇماق كەيگەنلىكى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى ۋە كۆزلىرى قايغۇدىن قېتىپ قالغاندەك بولۇپ شۇ تاپتا گويا ئۇلار قەلبىنى ئېزىۋاتقان قايغۇ-ھەسرەتتىن خامۇشلىنىپ ئەدىنانى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەلمەي قېلىشقان. ئۇلار، تاش يەرلىكتە تۇرۇپ گۆرنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۈزەشتۈرۈپ، جىددىي يەرلىك راسلاۋاتقان گۆركانىڭ قىستا - قىستقا، كەسكىن، قوپال بۇيرۇقلىرىنى مېخانىك رەۋىشتە ئورۇنلاپ يۈرۈشەتتى. بۇلارنىڭ مەرھۇمنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى ئىكەنلىكلىرى ناھايىتى ئېنىق. تۇپراق بېشىدىن بەش-ئالتە قەدەم نېرىدىكى كىچىككىنە مەيدانغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە مۇشۇ سورۇننىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى قاتار تىزىلىشىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېشىنى ياشاپ بولۇشقان مويسىپىتلەر بولۇپ، ئۇلارنى تۇپراق بېشىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي مۇراسىمنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشقانىدى. ئادەتتە، بۇلارسىز مېيىت يەرلىككە قويۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىشقا ھېچ مۇناسىۋەتسىز تېمىلاردا ئۆزئارا گۇدۇڭلىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشلىرىدىن ۋە بەزىلىرىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە خۇددى توي ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك پەس ئاۋازدا خىخىداپ يۆتەل ئارىلاش كۈلۈشلىرىدىن بۇ كىشىلەرنىڭ مۇنداق سورۇنلارغا تولا قاتنىشىپ يۈرگەچكە، قېتىپ قالغان كۆڭۈللىرى ئۇنچە ئاسان تەسىرلەنمەيدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكى ئايان ئىدى.

غەربكە قىيسايغان قۇياش بۇ پىنھان، سۈرلۈك، كۆرۈمسىز قەبرىستانغا بارغانسېرى

ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان ئۆزىنىڭ چېچىلىشىنى خالىماي ۋاتقاندەك كۆڭۈلسىزگىنە پارقىراپ تۇراتتى. كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى قەبرىلەرنى ئارىلاپ ئۆسكەن چىغ، شىۋاق، قوراي، قىياق، ئەمەنلەرنىڭ قۇرۇغان غوللىرىنى يېنىككىنە تەۋرىتەتتى. قەبرىستانغا خاس بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئارىلاپ كېزىپ كىشىنى بىر يېقىمسىز ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقاندەك ئىدى. گۆركا ئىشىنى تۈگەتكەندەك بولدى، مەرھۇمنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپ بېقىپ، ئىچ يەرلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، ئاستىنىڭ تەكشىلىكى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن قايتىپ چىقتى، دېمەك يەرلىك تەييار بولغانىدى.

تۆپىراق بېشىدىكىلەر جىنازىدىن مېيىتنى ئېلىپ يەرلىككە قويۇشتى. ھېلىقى مويسىپىتلەر توپى ئىچىدىكى 60-65 ياشلاردىكى بىر قارىي گاللىرىنى ياساپ - قىرىپ قويدى. بۇ - مۇراسىم ھازىر رەسمىي باشلىنىدۇ، دېگەن مەنادىكى



بەلگە ئىدى. شۇ بەلگە بىلەن ئۇ يەر-بۇ يەردە قەبرە ئارىلاپ يۈرۈشكەن ئادەملەر دەررۇ يىغىلىپ، گىلەم ئۈستىدە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشقان قارى-مولىلارنى دەۋر قىلىپ دائىرە تۈزۈپ ئولتۇرۇشتى. ھېلىقى قارىم ئۆز يېنىدىكى ئۆرداشلىرىغا تەكەللۇپ بىلەن «خوش قېنى» دەپ قويدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىرىسىنىڭ كۈتمەستىن خەتمە قۇرئاننى باشلىۋەتتى. قارىمىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئۆلۈم جىمىلىقىغا پاتقان قەبرىستاندا ياڭراپ، مۇڭلانغان كۆڭۈللەرنى تېخىمۇ ئېزىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقىنىچە باشلىرىنى سېلىشىپ قىرائەت ئاڭلاۋاتقان ئادەملەرنى بىردىنلا تېخىمۇ سىرلىق، ۋەھىمىلىك بىر دۇنياغا باشلىغاندەك بولدى.

* *

قەبرىستانغا كەلگەن ھەر قانداق كىشىنى بىر قېتىم تىترەك باسىدۇ. چوقچىيىپ ياتقان كۆڭۈلسىز قەبرىلەرنىڭ سۈرى بۇ يەرگە كەلگەن ئالىمىگىمۇ، زالىمىگىمۇ تېنىنى جىغۇلدىتىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە ئۆلۈم قورقۇنچىنى سالىدۇ. ئادەتتە ئۆلۈم دېگەننى زادىلا ياد ئەتمەي پەرۋاسىز ياشاپ كەلگەن ئادەملەرمۇ قەبرىستانغا قەدەم باسقان مىنۇتتىن باشلاپ ئادەتلەنگەن تىنچلىقىنى يوقىتىپ بىردىنلا ئۆلۈم ۋەسۋەسىگە چۈشۈشۈپ، ئۆزىنىڭ شۇ مىنۇتقىچە بېسىپ ئۆتۈپ ئارقىدا قالدۇرغان قەدەم ئىزلىرىغا يېڭىباشتىن نەزەر تاشلاشقا، ئۆزىنىڭ شۇندىن ئىلگىرى قانداق ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئەسكە ئېلىشقا... مەجبۇر بولىدۇ.

قارىمىنىڭ زىل ئاۋازى قەبرىستان ئاسمىنىدا گويا ئىنتايىن يىراقتىن كېلىۋاتقان كارۋان تۆگىسىنىڭ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىدەك بىر خىل رىتىمدا مۇڭلۇق تىترەپ تاقىرسايىنى بويلاپ يىراقلارغا ئۇچماقتا، كىشىلەر دەملىرىنى ئىچىگە تارتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارىمىنىڭ قىرائىتىگە قۇلاق سېلىپ، ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى. مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ئۆز ۋۇجۇدىدا قوزغىغان ھاياجانلىق تۈيغۇنىڭ تەسىرىدىن ئادەملەرنىڭ تەنلىرى بوشىشىپ كۆڭۈللىرى ئېزىلگەنىدى. ئۇلار دەممۇدەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇشاتتى. قارىمىنىڭ ئاياق تەرىپىدە

يەرگە سېلىنغان گىلەمنىڭ قىرغىقىدا بىر بوۋاي ئۈگۈلگىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئورۇق، ۋىجىك كەلگەن گەۋدىسى مۈكچىيىپ، مۆرە سۆڭەكلىرى، ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالغان بەقەسەم تونىنىڭ سىرتىغا بۇرتۇپ چىقىپ قوزۇقتەك چوقچىيىپ تۇراتتى، ئارقا تەرەپتىن قارىسا تۇماق ۋە تونىنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن بۇ بوۋاي خۇددى قېرى ئادەمنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان كىچىك بالىدەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۇچتەك ئاقارغان تال-تال ساقاللىرى، چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان سەرپىش تۇمىقىنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ قايرىما قاشلىرى، قوشۇقتەك كىچىككىنە يۈزىنى خۇددى تور تارتقاندەك قاپلاپ كەتكەن بىھېساب قۇرۇقلار بۇ ئادەمنى گويا ياساپ قويغان قونچاقتا ئوخشىتىپ قويغانىدى. قىرائەت بىر خىلدا داۋام قىلماقتا. ھېلىقى بوۋاينىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان ئۇنىڭ ئاقارغان، ئۆسكىلەڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان نېپىز لەۋلىرى مەھكەم ھىمىرلىپ، قوۋۇزلىرى بىر بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن تۇرقى بىلەن يالغۇز دەرەخنىڭ شېخىدا سوغۇقتىن شۈمشىيىپ مۈگدەپ ئولتۇرغان قېرى تۇڭ قاغىنى ئەسلەتمىدىغان بۇ بوۋاي، شۇ تاپتا تېگى يوق خىيال ئۇپقانىغا پاتقانىدى.

... قېرىغاندا ئادەم ئولتۇرسا-قوپسا پۈتۈن ئېسىدى ئۆزىنىڭ كۆرگەن كۈنلىرى، ناھايىتىمۇ ئۇزاقتا قالغان ئۆتمۈش كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. كۆز ئالدىدىن توختاۋسىز لىپىلدەپ ئۆتۈۋاتقان خىرە كارتىنىلاردا بوۋاينىڭ ئۆتكۈزۈپ بولغان ئۆمۈر سائەتلىرىنىڭ ئۆز خاتىرىسىدە قالدۇرۇپ كەتكەن نامۇنىشانلىرى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىنىڭ قاينىمى ئىچىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى، بىلگەن-تونۇشقان، ئالغان - بەرگەن، تۇتقان - قويغانلىرى، قىلغان ئىش - ئوقەت مىلىكىلىرى، بىر - بىرلەپ ئايان بولماقتا ئىدى.....

ئۇ، ئۆز ئۆمرىدە تالاي ئىشلارنى كۆرۈپتۇ. بىھېساب تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى، قاتناشچىسى بولۇپتۇ، بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئۆمرىدە كۆرۈشكە، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئاساسەن كۆرۈپ ۋە قىلىپ ئۈلگۈرۈپتۇ، يەيدىغىنىنى يەپتۇ، كىيىدىغىنىنى كىيىپتۇ. ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن نەچچە ئەركەكنىڭ يېشىنى ياشاپتۇ. خۇداغا شۈكرى! يۈز مىڭ قېتىم شۈكرى.... دۇنياغا كېلىپ ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئازمۇ؟! مانا بۈگۈن ئۆزى نامىزىنى چۈشۈرۈشكە داخىل بولۇۋاتقان مەرھۇم تېخى ئەمدىلا 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان يىگىت ئەمەسمىدى؟! ئەنە ئەشۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇزاق ياشاپتۇ. بەكمۇ ئۇزۇن ياشاپتۇ!

قارىم ئايەت يەڭگۈشلەش ئارىلىقىدا گېلىنى كۈچ بىلەن قىرىپ قويدى - دە، ئاخىرىنى ئۇلاپ قىرائىتىنى داۋام قىلىۋەردى. قىرائەت ئاھاڭى، قارىمنىڭ زىل، ساپ ئاۋازى بوۋايغا بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ تەلپىگە بىر خىل روھىي ئازادىلىك ۋە شۈكرى - قانائەت، خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى بېغىشلىماقتا ئىدى. كەچكۈز شامىلى قەبرە ئارىلىقىدىكى پۇرپاق توپىنى توزىتىپ، كۈچىسىز ئۇچقۇتاتتى، ھالسىرىغان قۇياش غەربكە ھورۇنلۇق بىلەن سۈرۈلمەكتە. قەبرە بېشىغا چىچىپ قويۇلىدىغان دانلارغا كۈنۈپ كەتكەن بىر توپ ئاق قۇچقاچ ئۇ قەبرىدىن بۇ قەبرىگە پۇرۇلدىشىپ ئۇچۇشۇپ دان ئىزلەپ ۋىچىرلىشىپ يۈرەتتى. بوۋاينىڭ ئوڭ يان تەرىپىدە ئولتۇرغان ناتونۇش بىر كىشى تويۇقسىز قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بىر ئادەم قەستەن بۇزۇۋەتكەندەك، ئادەملەر ئۇنىڭغا جىملەش نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇشتى. شۇ چاغدا ھېلىقى بوۋايىنىڭمۇ گېلى قىچىلىدىغاندەك بولۇپ ئۇنى سارىسىمىگە سالدى. بوۋاي گېلىنى ئېھتىيات بىلەن ئاستاغىنە قىرىپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈلغۇن چوماقىدەك ئۇچلۇق

بۇھدىيىكى قىمىرلاپ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى...
ئەمدى ئۆۋەت ئۇنىڭغا كېلىپ قالدى.
بۇ تەقدىر قىسمەتتىن يەتتە كۈنلۈك يەرگە قېـ
چىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ! جان كىمگە تاتلىق ئەمەس،
بۇ دۇنياغا كىم تويۇپتۇ؟ بۇ ئالەمنىڭ كۈلكىسـ
دىن كۆرە، يىغىسى تولاراق بولسىمۇ كىم كۈلۈپ
قېنىپتۇ، كىم يىغلاپ؟! هايات دېگەننىڭ كۈلكىـ
سى بىلەن يىغىسى تەڭشىلىپ كەلگەچ، بۇ جاھان
ئەنە شۇنداق ئۇمىد ئۈزگۈسىز دەرىجىدە يېقىمـ
لىق، جان دېگەن تۇۋار ياغلىقغا يۆگەپ، شىشە
قۇتىغا ئاۋايلاپقىنە سېلىپ، تىقىپ - يوشۇرۇپ
قويغىدەك دەرىجىدە قەدىرلىك بولىدىكەن. ئەمما
100 يىل ياشىسىمۇ ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ تۇغۇلـ
ماقنىڭ ئۆلمىكى بار دېگىنى شۇ - دە! ئەمدىكى
گەپ، ئېشىپ قالغان مۇشۇ غەنىمەت چاغلىرىنى
قانداق ئۆتكۈزۈشتە قالدى... ئۇ، كۈنلىرىگە ئۆ-
كۈنمەيدۇ، هالال ياشىدى، كىشىنىڭ ھەققىنى يە-
ۋالمىدى، كىشىلەر بىلەن يۈرەكتە قالغۇدەك ئا-
رازلىشىپ قالمىدى، بىرەر كىشى بىلەن كۈن ئاتـ
لىتىپ تەتۈر قارىشىپ باقمىدى. ئوغۇل سۈيمەتـ
دە ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلدى، ئەر سۈپىتىدە
ئەل ئىچىدە ئىززەت تاپتى، ئاتا سۈپىتىدە ئوغۇل-
قىز، نەۋرە - چەۋرىلىرىگە دەرەخ بولۇپ سايە
تاشلىدى، ۋاھاكازا...

بوۋاينىڭ پۇت - بېغىشلىرى ئۇيۇشۇپ، مۈكـ
چىيىپ كەتكەن گەۋدىسى تالغاندەك بولدى. ئۇ، ئور-
نىدىن سەل قىمىرلاپ، غولىنى قورۇشتۇرۇپ، كۆكـ
رىكىنى كەردى، ئاندىن ئۆزىچە مەمنۇنىيەت ئىـ
چىدە كۈلۈمسىرىدى، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۈ-
لۈمسىرىشى پەقەت بىر ئۆزىگىلا مەلۇملۇق ئىدى.
ئۇ كۈلۈمسىرىدى، ياق توغرىراقى پەقەت كۈلۈمـ
سىرىگەندەك قىلدى. شۇ مىنۇتتا ئۇ كۆڭلىنىڭ
ئاللىقانداق بىر يېرىدە ھۇۋۇللاپ تۇرغان بىر
بوشلۇقنى سەزمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا نېمە-
دۇر بىر نەرسە كەمدەك ئىدى، گويا ئۇنىڭ ئورنى
بوش قالغانىدى. ھېلىقى ھۇۋۇللاش ئەنە شۇ
بوش قالغان جايدىن كەلگەندەك قىلاتتى، بىراق
كەمدەك بىلىنگەن نەرسە نېمىكىن - ؟! تۇۋا...،
ئۇنىڭ دىلىنى بىئارام قىلىۋاتقان، يىراقلاردىن
چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سىرلىق
شۇۋىرلاشنىڭ مەناسى نېمىكىن - ھە؟ ئۇ ئېغىر-
لاشقان كۆز - قاپاقلىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ كۆككە
باقتى. ئۇنىڭ ئاللىقاچان نۇرى كېتىپ بولغان
خۇنسىز كۆزلىرى ئۇنچە يىراقنى كۆرەلمەيتتى.
شۇنداق بولسىمۇ ئۇ زورۇقۇپ تۇرۇپ كۆزىنى
ئۇزاققا تىكتى. ئۇنىڭ كۆزى ھەدېمەيلا تېلىپ
ئېچىشىپ كەتتى. لېكىن بوۋاي نەشۇ ئۆزىگە
كەملىك قىلىۋاتقان ھېلىقى نەرسىنى ئەشۇ
بوزۇرۇپ تۇرغان كۆز ئاسمىنىدىن ئىپىۋالماقچى
بولغاندەك، كۆزىنى ئاسمانغا ئاندىن ئاسمان
بىلەن زېمىننىڭ چېتىلەشكەن يېرى - ئۇپۇققا!
تىكىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئېگىز -
پەس چوقچىيىپ يىراقلارغا سوزۇلغان دۆڭ -
دۈتىلارنىڭ نېرىسىدىن ئاستا سۈرۈلۈپ كېلىۋات-
قان پارچە - پارچە كۈلرەڭ بۇلۇت پارچىلىرى
كۆرۈنگەندەك بولدى. «پارچە - پارچە بۇلۇتلار
ھېچقاچاندا كۈلرەڭ بولمايدۇ، - دەپ ئويلىدى
بوۋاي ئۆزىچە، - پەقەت قويۇق بۇلۇت توپلىرىلا
كۈلرەڭ بولىدۇ، بۇ بۇلۇتلار ئەسلىدە كۆمۈشتەك
ئاپئاق بولسىمۇ، مېنىڭ كۆزۈمگە كۈلرەڭ كۆرۈ-
نۈۋاتىدۇ، يېشىڭ يەتكەندە نەگىلا قارىما، نېمىلا
ئىش قىلما، ھەممە نەرسە سېنىڭ ۋاقىت - سائە-
تىڭنىڭ ئاز قالغانلىقىنى يادىڭغا كەچتۇرۇپ
تۇرىدىكەن...»

بوۋاي ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. شۇ چاغدا
بىر غەلىتە ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتتى.
بوۋاي ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى، قەبرىسـ
تاننىڭ پاكارغىنە قورشاۋ تېمىنىڭ سىرتى ھارۋا
يولى بولۇپ، بۇ يول يېزىغا تۇتىشىپ كېتەتتى
ۋە يەنە بىر ئۇچى بوۋاينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن
ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە ئۇلىشاتتى. ئەنە شۇ يولدا
ئاسمان - پەلەك پاختا بېسىلغان، ئات قوشۇلغان

بەش - ئالتە هارۋا كېلىۋاتاتتى. بايىقى ئاۋاز ئەنە
شۇ هارۋىلارنىڭ يىغىرىغان چاقىنىڭ ئاۋازى
بولۇپ، دېھقانلار شەھەرگە پاختا ئېلىپ كېتىۋاتـ
قانىدى. پەۋەس - پەۋەس بېسىلغان پاختىنىڭ
ئۈستىگە قۇچقاچتەك قونۇۋالغان هارۋىكەشلەر
مېيىت قويۇلۇۋاتقان يەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە
«هاي - هەي»، «چۇھ - چۇھ» لىرىنى توختىتىپ،
هارۋىدىن چۈشمەيلا قەبرىستان تەرەپكە قاراپ
«خالىس دۇئا» قىلىۋېتىپ يولىنى داۋام قىلدى.
بۇ هارۋىلار بوۋاينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتەتـ
تى. بوۋاي بىردىنلا ئىشىكى ئالدىدىكى كونا
كۆۋرۈكنىڭ بىر تال لىمى سۇنۇپ كېتىپ، كۆۋـ
رۈكنىڭ بىر تەرىپىنىڭ گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەنلىـ
كىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ دېھقانلارنىڭ ئۇنىڭدىن
خەۋىرى بولمىغاچ، ئۇدۇل شۇ تەرەپكە قاراپ
كېتىشىۋاتاتتى، ئەسلىدە بوۋاينىڭ مەھەللىسىـ
نىڭ ئۈستۈن تەرىپىدە يەنە بىر كۆۋرۈك بولۇپ
مېيىت ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ئەنە شۇ كۆۋرۈك
بىلەن كېلىشكەنىدى. دېھقانلار بۈگۈن ئۇ كۆۋـ
رۈككە بېرىش ئۈچۈن يەنە ئارقىسىغا يېنىشقا
توغرا كېلەتتى - دە، بىر مۇنچە يولنى ئوشۇق
ماڭاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچ كىرىپ قېلىۋاـ
تاتتى، ئۇلار بۇزۇلغان كۆۋرۈككە يېتىپ بېرىپ
بولغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.
بوۋاي شۇ خىيال بىلەن ئورنىدىن قوپۇشقا
تەمشەلدى، ئۇ شۇ تاپتا ئەشۇ دېھقانلارغا ئەسـ
كەرتىپ قويماقچى ئىدى. لېكىن بوۋاي ئورنىـ
دىن تۇرۇپ بولغىچە هارۋىلار تۆپىلىكتىن پەسكە
چۈشۈپ دۆڭنىڭ ئارقىسىغا قايرىلىپ كۆزدىن
غايىپ بولدى. بوۋاي ئېغىر خۇرسىنىپ جايىغا
ئولتۇرۇپ قالدى. بوۋاي بىردىنلا «ماشىنا بولـ
غاندىن كېيىن ئۇلار كۆۋرۈككە يېتىپ بارغىچە
يېتىشىپمۇ ئالارمىز، شۇ چاغدا...» دەپ ئويلاپ
قالدى ۋە سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدى.
«زادى بولمىغاندا ئۇلارنى هويلامغا چۈشۈرۈپ
قوندۇرۇۋالارمەن، ئەتە ئىباللارغا باغدىكى كېسەك
لىك لىمدىن ئالدۇرۇپ كۆۋرۈكنى ئوڭشاپ ئاندىن
يولغا سېلىپ قويارمەن ...» دەيتتى بوۋاي ئىـ
چىدە ئۆز - ئۆزىگە. مۇشۇ مىنۇتتا بۇ بوۋاي
ئېمىشقىدۇر ئۆزىنى بىر چوڭ مەسئۇلىيەت ئۈسـ
تىدە تۇرغاندەك، ياكى بايىقى دېھقانلارنىڭ بىرەر
چوڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىداردەك هېس قىلىپ ئۆزىچىلا
تىت - تىت بولۇپ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇ ئەمدى قىرائەتنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى
سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. قىراـ
ئەت ئاۋازى قەبرىستان ئاسمىنىدا ئاستاغىنە
ئۈزمەكتە. ئاسماننىڭ غەربىي تەرىپى قان رەڭـ
گىگە كىردى. شامال ئاستا - ئاستا كۈچىيىشكە
باشلىدى. قارىغاندا، بۈگۈن كېچە هاۋانىڭ ئاچـ
چىقى يامان بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

بايىقى بوۋاينىڭ ئارقىسىدىلا 30 ياشلار
چامىسىدىكى بىر يىگىت ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا
ئۇنىڭ چىرايىدا قايغۇدىن كۆپرەك قورقۇنچ
تۇيغۇسى قېتىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ، بىر خىل
بىئاراملىق ئىچىدە يېڭى قېزىلىپ توپىسى قارـ
يىپ تۇرغان گۆر تەرەپكە ۋە گۆرنىڭ بېشىدا
يەنە كىمنىدۇر كۈتۈپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغانـ
دەك كۆرۈنۈۋاتقان بوش تاۋۇتقا ۋەھىمە بىلەن
چەكچىيىپ قاراپ قوياتتى. ئۇ ئېغىر بىر «ئۇھ»
تارتىپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا چوقچىيىپ ياتقان
قەبرىلەرگە ئەيمىنىش ۋە بىر خىل غەلىتە قىزىـ
قىش تۇيغۇسىدا سەپسېلىشقا باشلىدى. قەبرىـ
لەرنىڭ شۇنچە ئازادە ۋە كەڭرىلىكىگە قارىـ
ماي، گويا ئۆلگەنلەرنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ئىلـ
تىماسى بىلەن ئۇلارنى يەككە - يېگانىلىقتا قورـ
قۇپ قالمىسۇن دەپ ئەتەي بىر - بىرىگە يېقىن
كۆمگەندەك بىر - بىرىگە قىستاپ بەكمۇ زىچ
قىلىپ جايلاشتۇرۇلغانىدى.

قەبرىلەرنىڭ ياسىلىشى هەر خىل، هەر شەـ
كىلدە بولۇپ، ئېمىشقىدۇر بۇ قەبرىستاندا
باشقا قەبرىستاندەك قەبرە بېشىغا قويۇپ قوـ
يۇلىدىغان قوچقار مۈڭگۈزى ۋە ئەسكى لاتا -

پەقەت باغلانغان ياغاچلار كۆرۈنمەيتتى. قەبرىلەرنىڭ شەكلى، نەقىشى، ۋاسا، رەشاتكىلىرى ۋە ئابىدە تاش - تاختايلىرىغا ئالاھىدە ھۈنەر چىقىرىلغان ھەمدە سېمونت، پولات چۆيۈن، پولات تۈرۈبا، ئەڭ سۈپەتلىك چەت ئەل قەلەيى، رەڭگا - رەڭ سىر - بوياقلار خىلى كەڭرى ئىشلىتىلگەنىدى. قارىغاندا، زامانىۋى تۈزۈلۈش مۇشۇ قەبرىستانلىقنىڭ خىلىلا تەسىر كۆرسەتكەندەك قىلاتتى، قەبرىلەرنىڭ بۇنچە ياسىداق ۋە ئېدەك پوكۈس شەكىللەردە ياسىلىشى بىلەن قەبرىستاننىڭ سۈرى تېخىمۇ ئاشقانىدى. كەچ كۈز قۇياشىنىڭ ئاخىرقى نۇرى بىلەن نەقىشلىرى جۇلالاپ تۇرغان ئەشۇ قەبرىلەر، شۇ تاپتا يىگىتنىڭ كۆزىگە گويا ئاغزىدىن ئەجەل پۇرقۇپ تۇرغان قاپقارا، قورقۇنۇچلۇق غەلىتە ھەم ۋەھشى مەخلۇقتەك دەھشەت ياغدۇرغان ھالەتتە كۆرۈنەتتى.

يىگىت بۇگۈن نېمىشقىدۇر ئۆلۈم ھەققىدە ئويلاپ قالدى. ئۇ ھېچقاچان ئۆلۈم توغرىسىدا بۇنچىلىك ئۇزۇن، چوڭقۇر ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئويلىمىغانىدى....

قىرائەت قىلىۋاتقان قارىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا دەسلەۋىدە خۇددى يىراق - يىراقلاردىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق نەي ئاۋازىدەك غۇۋا، تەسىرلىك ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداق بىر ئۇزۇكچىلىك، مىسكىنلىك، غېرىبلىق تۇيغۇسىنى بېغىشلىغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە باشقىچە بىر شەپقەتسىز مۇزىكىلىق تىلىدا ياڭراپ ئۇنىڭغا قاراپ سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر نامەلۇم دەھشەتتىن بىشارەت بېرىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتمەكتە ئىدى. ئۇ ئەتىراپىدىكى قەبرىلەرگە چەكچىيىپ قارىغىنىچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قامالاۋاتقان دەھشەتلىك تۇيغۇ ئۇلغىيىپ باراتتى.

قەبرىستان ئاسمىنىدا ئاستا لەيلەپ ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن بىر يالغۇز قاغا دەل جامائەتنىڭ باش ئۈستىگە كېلىپ تۇيۇقسىز قاقىلدىۋەتتى. قورقۇنچلۇق خىياللار ئىلكىدە خۇدىنى يوقىتىپ ئولتۇرغان ياش يىگىت قاغىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاغىغا قاراپ نەپرەت بىلەن شىۋىرلىدى: «شۇم قۇزغۇن!...» قاغا گويا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك يەنە بىرنى قاقىلدىۋېتىپ، كېلەڭسىز قاناتلىرىنى لەپىشتىپ يىراقلاپ كەتتى. ئۇ گويا بۇ يەرگە خۇددى بىر شۇملۇقنىڭ خەۋىرىنى تارقىتىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك ئىدى.

قارىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. قىرائەت ئاھاڭىدا ئەكس ئېتىۋاتقان نالىلىك ئىڭراش، ئۆكسۈنۈش، قىيماسلىق، چارىسىزلىق، ئاھ - زار، قورقۇنچ، تىلەك - يېلىنىشلار يىگىتنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىپ ئۇنىڭ مۇڭلانغان كۆڭلىنى تېخىمۇ بەكرەك ئېزىپ ئۇنى گويا سىرلىق، ۋەھىمىلىك، سوغۇق، قاراڭغۇ، يات بىر دۇنياغا باشلىغاندەك بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئادەملەرگە يانداشىپ ئولتۇرغىنىغا قارىماي، قەلبىدە بىر خىل بىچارىلەرچە يېگانىلىك، قورقۇنچلۇق تەنھالىق ھۆۋۇزلايتتى. ئۇ، شۇ مىنۇتتا ئۆزىنى، ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىن ۋە رېئاللىقتىن ئايرىلىپ كۆزگە كۆرۈنمەس لېكىن ئۇ ئۆزى ئېنىق ھېس قىلىۋاتقان ئاللىقانداق مەۋھۇم-مۇئەللەق بىر بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەندەك سېزىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ چىرايىغا چوڭقۇر قايغۇ، بىر پىغانلىق دەرد سايە تاشلىدى. ئۇنى «ئۆلۈم» دېگەن بۇ سوغۇق، يېقىمسىز، قۇدرەتلىك، شەپقەتسىز سۆزنىڭ دەھشىتى قىينايتتى. ئەشۇ سۆزنىڭ قورقۇنچى ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىغا چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق كىرگۈزىۋەتتى. ئۇنىڭ چىناردەك بەستى - قامىتىنى پۈكلەپ، يىگىتلىك سۈپىتىنى سۇندۇرغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ھەر بىر تىنىقىدىن، ئەتراپقا مۇزدەك سالقىنلىق تارىغاندەك بولاتتى. چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچى ۋە تېشىمۇ ئوخشاشلا مۇز-

لاپ كەتكەنىدى. يىگىت ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان جىنازىغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى. تۇۋا . . . . ھايات دېگەن بىز ئۇققۇم شۇنچە غەلىتە، تېگىگە يېتىپ بولماس دەرىجىدە كىچىك نەرسە ئىكەن، ئادەمچۇ؟ ئادەم دېگىنىڭمۇ ئاجايىپ مەخلۇق ئىكەن.

قارا، مۇنۇ ئادەملەرنى، گويا ئۆزى ئۆلمەيدىغاندەك، ئۆزلىرى مۇشۇ يورۇق دۇنيانىڭ ئاسايىشلىقىدا ئەبەدىلئەبەد يايراپ، يەقەت مۇنۇ ئۆلگىنىلا ئاشۇ قاراڭغۇ گۆرنىڭ ئازابىنى تارتىدىغاندەك ماۋۇ ئۆلگۈچىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئېچىنىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكىنىنى؟ تۇپراق بېشىنى چۆرىدەپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىشقىنىچە ئولتۇرۇشقان مۇنۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ھېچ چۈشىنىكسىزلا مۇشۇ چوقچىيىپ ياتقان قەبرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاغزىنى ئېچىپ ياتقان ئەشۇ گۆرنىڭ مۇشۇ ئولتۇرغانلارنى بىر - بىرلەپ يۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ بېقىشمامدىكىن؟

ئەڭ قىزىقى ۋە ئادەمنى ھەممىدىن بەكرەك خورلۇق ھېس قىلدۇرىدىغىنى شۇكى — سەن ئۆلسەن، يېقىنلىرىڭ يىغلايدۇ - قاقشايدۇ، ھەتتا تولا يىغلاپ ئايلىنىپ كېتىشىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا دەل شۇ سېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىڭ سېنى يۇيۇپ - تاراپ بولۇپ خۇددى بىر پارچە كېسەكنى كۆمۈۋەتكەندەك ئۆز قوللىرى بىلەن سېنى بىر كامارغا تىقىۋېتىپ، پەشلىرىنى قېقىشىۋېتىپ كېتىشكە ئالدىرىشىدۇ. ھەتتا ئۇلار سېنى كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان بىر ئېغىر تاشتىن قۇتۇلغاندەك كۆڭۈللىرى ئەمىن تېپىپ يېنىككىنە تىنىۋالىدۇ. ئۇلار قەبرىستاندىن قايتقىچە بازاردىكى نەرقى - ناۋا، بۇ يىلقى ھاۋارايى، خاماندىن ياكى ئىش - ئوقىتتىدىن ئالىدىغان ھوسۇلى ۋە ئۆمرىدە ئىشەك مىنىپ باقمىغان ئاللىكىمنىڭدۇ بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئوڭچە يۈكلۈك ماشىنىسى بار بايغا ئايلىنىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ مۇنداق بىردىنلا بېيىپ كېتىشىدە قانداقتۇ بىر سىرنىڭ بارلىقى، ۋەھاكازالار . . . ھەققىدە بەخىرامان ۋە كەڭ - كۇشادە پاراڭ سوقۇشىدۇ ھەم ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلۈشۈپ مېڭىشىدۇ. ئۇلار سېنىڭ قارا يەرنىڭ باغرىدا، مۇزدەك سوغۇق قاپقاراڭغۇ دەھشەتلىك گۆرنىڭ ئىچىدە تەنھا، يەككە - يېگانە ھالدا تۇپراققا مىنىلىپ ياتقىنىڭنى بولسا ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇشىدۇ. سەندەك بىر ئەزىمەت يىگىتنىڭ شۇ دۇنيادىن بىمەھەل كېتىپ قېلىشى ھېچنىمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ پەرۋايىغا كەلمەيدۇ. ئۇلار ئاۋالقىدەكلا يەيدىغىنىنى يەپ، كىيىدىغىنىنى كىيىپ، ئوينايدىغىنىنى ئويناۋېرىدۇ. ھايات خۇددى سەن بار چاغدىكىدەكلا جۇشقۇنلۇق ئىچىدە داۋام قىلىۋېرىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئەلەم؟ نېمە دېگەن تەڭسىزلىك ۋە نېمە دېگەن تاش يۈرەكلىك - ھە؟!

ياشاش — ئەسلىدە بىر بىمەنىلىك ئىكەن. تۇغۇلماسلىق، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆلمەسلىك، ياكى بولمىسا سەن ئۆلگەندىن كېيىنلا دۇنيادا ھايات ئۆچسە، ھەقدادىغا يەتمىگەن ئارزۇ - ئارمانلار، قۇياشقا، ئايغا، كۆيكۆك سۇلارغا، ياپيېشىل چىمەنلەرگە، مەيىن شاماللارغا، يېقىملىق ناخشا، خۇشال كۈلكىلەرگە بولغان قىيماسلىق ۋە تارتىشلار سېنىڭ يۈرىكىڭنى يېمىسە!!

يىگىت ئۆزىنىڭ تۇمشۇقىنىڭ ئاستىدىلا مۆكچۈيۈپ، ماكچىيىپ ئولتۇرغان ھېلىقى بوۋاينىڭ ئىنچىكە، قورۇق باسقان بوينىغا نەپرەت ۋە يىرگىنىچ بىلەن قاراپ قويدى. بوۋاينىڭ كېسىم - كېسىم قورۇقلار قاپلىغان، خۇددى ئۆششۈك تەككەن كاۋا پىلىكىدەك، گۆشى سىزىلىپ، قورۇلۇپ ئىنچىكىلەپ كەتكەن بوينىنىڭ تېرىسىدە تىرىك ئادەمگە خاس ئەت رەڭگى بىلەن بىلىنىپ تۇرىدىغان ھاياتلىقنىڭ يېقىملىق بەلگىسىنى تاپقىلى بولمايتتى.

يىگىت مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى - قېرىنىدىن يىگىلەپ خۇددى قۇچقاچتەك قاپتۇ. ئىسسىق كاڭنىڭ بوغىزىدا ئىشىك تۈۋىگىلا كىپلىپ قالغان ئۆلۈم سائەتلىرىنى كۈتۈپ «خۇدايا تووۋا!» دەپ ياتماي، نېمىجان تېنىمنى سۆرەپ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىكەن، بۇ ئۆلۈمتۈك؟ گويا بىچارە مەرھۇمغا ئۆزىنىڭ شۇنچە ياشاپمۇ ۋە مۇشۇ ھالىدىمۇ يەنىلا ھايات يۈرگىنىنى ئەتەي كۆز - كۆز قىلماقچى بولغاندەك - ھە؟! ئەسلىدە ئۆلۈشكە تېگىشلىكلەر، گۆرگە مەنسۇپلار دەل مۇشۇلار ئەمەسمۇ؟ بۇ دۇنياغا تاپىنى ئېسىپ سۆرۈلۈپ يۈرگىچە ئەشۇ ناتىۋان قىران يىگىتنىڭ ئورنىدا مۇشۇ قېرى ئۆلسە بولمامدۇ؟ قېرىنىدىن بىر ئەسكى بۇيۇمغا ئوخشاپ قالغان بۇ يارتا جاننىڭ بىر نەۋقىران ھاياتنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ ئولتۇرۇشى بىر شەپقەتسىز چاقچاق، كىشىنىڭ ئىچىنى ئۆرتىگۈدەك دەرىجىدىكى ئاچچىق مەسخىرە ئەمەسمۇ؟! تووۋا!!! مەرھۇم يىگىت ھايات ۋاقتىدا ساغلام كۆڭۈللىرىدە مۇشۇنداق بولۇشنى ئويلىغان بولغىمىدى؟!

ئەجەپ ئىش- ھە؟! ئۆلۈم دېگەن بۇ سۆز تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزىدىن ناھايىتىمۇ يىراق، بەكمۇ يات، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق قىممەت ۋە ئەھمىيەت مەناسىغا ئىگە ئەمەس ناھايىتىمۇ غۇۋا، نائېنىق مەۋھۇم چۈشەنچە ئىدى. لېكىن شۇتاپتا «ئۆلۈم» ئۆزىنىڭ ئەسلى مەناسى — دەھشەتلىك، رەھىمسىز، قارىغۇ، ئادالەتسىز، تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان، كېلىشى ۋە كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۇشتۇمتۇت، كىمنى قويۇپ، كىمنى ئېلىپ كېتىشىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سىرلىق ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجىلىماقتا ئىدى.

ئۇ قەبرىلەرگە، يېڭىدىن كولانغان يەرلىكنىڭ قارىيىپ ياتقان تۇپىسىغا، ئەشۇ توپا بىلەن كۆمۈلۈۋاتقان مېيىتقا قارىغىنىچە بۇ ئۇقۇم ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش، شۇنچە چۈشىنىشلىك، شۇنچە ئېنىق بىلىنىۋاتاتتى. ياشاپ يۈرگەن تىرىك ئادەملەر مەيلى ئۇ قانچىلىك ياش ۋە بەرنا بولمىسۇن ئۇنىڭ گۆردىكى ئۆلۈكلەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئاڭغا سىغمىغىدەك دەرىجىدە يىراق ئەمەس ئىكەن، بۇ يەردىسېنى كۆلدۈرلىتىۋاتقان، غەپلەت بۆشۈكىگە بۆلەپ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى بىلەن تاتلىقىنە ئۇخلىتىۋاتقان بىرلا نەرسە — نۆۋەتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى ئىكەن. دېمەك، ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ ئارىلىقى ئاقتاغ بىلەن قاراتاغنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق بولماي، ئەكسىچە خۇددى پارچە تىيىن بىلەن، شۇ تىيىن سېلىپ قويۇلغان يىرتىق يانچۇقنىڭ تۆشۈكىنىڭ ئارىلىقىدەكلا يېقىن ئىكەن، بۇ تىيىننىڭ ئەشۇ يانچۇقنىڭ يىرتىقىدىن چۈشۈپ كېتىشى ھەر مىنۇت مۇمكىنغۇ؟ بۇ نېمە دېگەن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاددىي لېكىن قورقۇنۇچلۇق ھەقىقەت - ھە؟! مانا مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ شۇنچىلىك ئاددىي بولۇشىغا قارىماي ھەر قانداق كىشىنى — ئالىمنىمۇ، زالىمنىمۇ ئۆزىگە شەرتسىز باش ئەگدۈرىدىغىنىنى تېخىمۇ قىزىق-تە!

ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئويۇر - تويۇر قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشى بىلەن يىگىت چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى، ئۇ، ئۇيقىدىن چالا ئويغىنىپ كەتكەن ئادەمدەك ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىدى، مېيىتنى قويۇپ، يەتتە كەتمەن توپىمۇ تاشلىنىپ بولغانىدى. قىرائەتمۇ ئاللىقاچان توختاپتۇ. يىگىت ھەتتا دۇئاغىمۇ قول كۆتۈرەلمىگەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ھېلىقى بوۋاي ئورنىدىن ئاللىقاچان تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، شۇتاپتا ئۇ دەلدۈگۈنۈپ - تىترىگىنىچە كالىچىنى تەسلىكتە سىيپىۋاتاتتى. يىگىتمۇ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ گەۋدىسى تاغار يۈدۈۋالغاندەك ئېغىر ئىدى. ئۇ شۇتاپتا خۇددى قاتتىق قاراباسقان چۈشتىن ئاران قۇتۇلغان ئادەمدەك كەيىپسىز بولۇپ، بېشى

چىڭقىلىپ كۆزلىرى تورلاشقانىدى. ئۇ ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ ئەتراپىدىكى قەبرىلەرگە ئەمدى قايتا قارىماسلىققا تىرىشىپ، قەبرىستاندىن يېنىپ چىقىشىۋاتقان جامائەتنى ئارىلاپ سىرتقا ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ، ھازىر يۈرەكنى ئېزىپ ئۆزىنى تۈۋدىسىز غەشلىككە پاتۇرۇۋاتقان بۇ كۆڭۈلسىز، خاۋاتىرلىك قەبرىستاندىن ئەتتىكرەك چىقىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ، ئالدىدا ئالدىرىماي كېتىۋاتقان ئادەملەرنى قىستاپ-ئىتتىرىپ قەبرىستانلىقنىڭ تېشىدىكى چوڭ يولغا چىقىۋالدى ۋە خۇددى ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق گۆشخور ھايۋاندىن قۇتۇلغاندەك چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. شۇ چاغدا ئۇ، قەبرىستان ئوتتۇرىسىدا يەنە ئاللىكىملەرنىڭدۇ قەبرىسىگە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىپ مۆكچىيىپ ئولتۇرغان بىرسىنىڭ ۋىجىككىنە گەۋدىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بايا يىگىتنىڭ ئالدىدىكى رەتتە ئولتۇرغان ھېلىقى بوۋاي ئىدى. نېمىشقىدۇر بوۋاي قەبرىستاندىن كېتىۋېلىشقا ئۇنچە ئالدىراپ كەتمەي بەخىرامان ھالدا قەبرىلەرنى ئارىلاپ خالىس دۇئا قىلىپ يۈرەتتى. يىگىت قەدەملىرىنى چوڭ-چوڭ ئېلىپ شەھەر تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

* * *

شەھەر ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن جامائەت بىر-بىرلەپ تارقاپ كېتىشتى. كەچ كىرىپ كۈن ئولتۇرۇۋاتقان پەيت ئىدى. ھېلىقى يىگىت تۈپتىن ئايرىلىپ قالغان قوزىدەك يالغۇز قالدى. شەھەر كوچىلىرىدا ئۆز ھەمراھكىچىلىكى بىلەن ئالدىراپ يۈرگەن ئادەملەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، يىگىت ئۆزىنى ھۇقۇشتەك يالغۇز-يېگانە سېزەتتى. ئۇ كەپكىسىنى قېشىغىچە باستۇرۇپ كېيىپ خۇرۇم كارجانكىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالدى-دە، قولىنى كارجانكىسىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ، كوچىنىڭ چېتىدىكى دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسى بىلەن خۇددى بارىدىغان يېرىنى تاپالماي تېنەپ قالغان مۇساپىردەك، بېشىنى سېلىپ ھېچ بىر نىشانسىز مېڭىۋەردى. شەھەرنىڭ شاۋقۇنلۇق قايناق كەچلىك ھاياتى بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن كېيىن ھارغان، لېكىن كۆڭلى-قارنى توق، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئادەملەرنىڭ قۇۋناق كۈلكىسى، شەھەر ئاخشىمىنىڭ جۇشقۇن مەنزىرىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھەرخىل مۇزىكىلار ياڭراۋاتقان، چىراق نۇرى پارلاپ تۇرغان ماگىزىن، بوتكىلارغا، يېنىدىن خۇشال كۈلۈشۈپ ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە، چىراقلىرىنى پارقىرىتىپ باپكانىڭ مۆكىسىدەك ئۇيياق-بۇياققا چېپىشىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمىغا، كىشىلەرگە بىر خىل تەرتىپلىك تۇرمۇش تۇيغۇسىنى بېغىشلايدىغان كوچا قاتناش چىراقلىرىنىڭ كۆزنى چېقىۋاتقان «ۋال-ۋۇل» شولىلىرىغا ھېچئىملا، پەرقسىز ھاڭۋېقىپ قاراپ قوياتتى ۋە تۇمشۇقىنى كارجانكىسىنىڭ ياقىسىغا تىققىنىچە يولنى داۋاملاشتۇراتتى.

كەچ كىرگەنسېرى شامال كۈچىيىشكە باشلىدى. لېكىن شەھەر ئېگىز بىنالار بىلەن ئورالغاچقا، بىنانىڭ ئارىلىقلىرىدا تېنەپ-تەمتىرەپ گۈركىرەۋاتقان شامال شەھەر كوچىلىرىدا قايناۋاتقان قىزغىنلىققا ھېچ تەسىر قىلالماس ئىدى.

«شۇ تاپتا ئايدىنىڭ دالىدىكى قەبرىستاندا بوران ئويناۋاتقاندۇ-ھە...؟» دەپ ئويلاپ قالدى يىگىت بىردىنلا. ئۇ قەبرىستاندىن قايتىپ كەلگىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بىر خىل چۈشىنىكسىز پاراكەندىچىلىك تېخىچە تىنجىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ دىلى بايا قەبرىستاندا پەيدا بولغان ئېغىر تەسىراتلار بىلەن پۇچىلىنىپ، بىر يېقىمسىز غەشلىك ئۇنىڭ ئىدرىكىنى قاچاپ، پىكرىنى غۇۋالاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ، شۇ تاپتا نەگىلا قارىمىسۇن سۈرلۈك ۋە كۆڭۈلسىز قەبرىستان ھەم بەتبەشىرە، كۆرۈمسىز قەبرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۆلۈم قورقۇنچى

ئۇنىڭ ئىتىرىپ تۇرغان يۈرىكىگە چاڭگال سالاتتى. كۆزگە كۆرۈنمەس بىر قول ئۇنىڭ يۈرەكىنى بېغىشدىن ئۈزۈۋالماقچى بولۇپ تۈۋىنىگە تارتىۋاتقاندەك، بارغانسېرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئالاقزادىلىك ئىسكەنجىگە ئالماقتا ئىدى. ئۇ گاھىدا كىمدۇر بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئارقىسىغا قايرىلىپ قورقۇمسىراپ قاراپ قوياتتى، گاھىدا قەدەملىرىنى چوڭ – چوڭ ئېلىپ يۈگۈرگەندەك ماڭاتتى. گاھىدا ئىچىگە كىرىۋالغان ئەشۇ قورقۇنۇچنى يۇلۇپ تاشلىماقچى بولغاندەك بىر قولىنى قوينىغا تىقىپ يۈرەكىنىڭ ئۇدۇلىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قامالاپ قوياتتى.

... قەبرىستانلىقا نېمىدەپمۇ بارار ئىدى – ھە؟ شۇ كۈنگىچە «ئۆلۈم» دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي بىر ئوبدان ئويناپ – كۈلۈپ ياشاپ يۈرگەن بىر ئادەم خۇددى غالجىر ئىتتىن قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك چىداپ بولماس بىر قورقۇنۇچ ئازابىغا مۇپتىلا بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ تىنىچلىقى بۇزۇلدى، ئەمدى ئىچىگە پاتمايۋاتقان جېنىنى نەگىمۇ سىغدۇرار ۋە بۇ لەنتى ۋەسۋەسە – ساراسىمىچىلىقتىن قانداقمۇ قۇتۇلار ئىكەن؟ ئۇ، ئەتراپىغا خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك كۆزىنى پارقىرىتىپ قارىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى يولنىڭ چېتىدىكى كىچىككىنە بىر دۇكانغا چۈشتى. دۇكاننىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىك ۋە دېرىزىسىدىن چىراق نۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ھازىر بۇ دۇكاننىڭ تازا قاينىغان چاغلىرى بولۇپ، كىرىپ – چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، دۇكاننىڭ ئىشىكىگە بېكىتىلگەن ئۈننالغۇنىڭ ئاۋاز چوڭايتقۇچى ساندۇقىدىن ئامېرىكىنىڭ «ئۈزدىتمىش» دېگەن كوچا ناخشىسى ياڭرىماقتا ئىدى. بارىتون ئاۋازلىق ئايال ناخشىچىنىڭ بۇ ناخشىسىدىن پۈتمەس – تۈگىمەس مۇڭ – زار، پىغان ۋە ئاپىرىدىلىش نىداسى ئىنزھار قىلىنىۋاتاتتى، «ئۇ خوتۇن كىشىنى ئۇزاتقىنى ئۈچۈن مۇنچە ئىڭرايدىكەن؟» دەپ ئويلىدى يىگىت ھەسرەتلىنىپ. شۇ مىنۇتتا ئۇ، ئۇرۇشقاق بولسىمۇ ھەر كۈنى ئەليانقۇ ۋاقتىغىچە ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ، دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان ياش ئايالى ۋە تۆت ياشلاردىكى بۇدرۇقچىنە قىزىنى ئۇشتۇمتۇت ھەسرەت بىلەن ئەسلەپ قالدى. لېكىن ئۇ ئانچە ئۇزۇن ئويلاپ تۇرمايلا قانداقتۇ بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئەشۇ دۇكان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا داۋالغۇپ تىترەپ تۇرغان كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا نېمىدۇر كېرەك ئىدى...

*

دەل شۇ چاغدا شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر مەھەللىدىكى غول ئۆستەڭنىڭ بۇزۇلغان كۆۋرۈكى يېنىدا ئىش قايناپ كەتكەنىدى.



سەل نېرىسىدا پەۋەس پاختا بېسىلغان بەش-ئالتە هارۋا تۇراتتى. هارۋىغا قېتىلغان ئاتلار چىقىرىلىپ ئوتقا قويۇۋېتىلگەنىدى. ئاتلار پات-يات يېشقۇرۇپ كاراسلىتىپ بېدە چايناۋاتاتتى.

كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا گۈلخان يېقىلغان. گۈلخاننىڭ يېنىدا ۋىجىككىنە بىر بوۋاي كۆۋرۈكنىڭ ئاستى-ئۈستىدە ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىشلەۋاتقان يەتتە-سەككىز ئادەمگە بىر نېمىلەرنى دەپ ئىمىش كۆرسىتىپ تۇراتتى، ھېلىقى پاختا باسقان هارۋىنىڭ ئىگىلىرى بۇزۇلغان كۆۋرۈككە لىم ياغاچ قويۇۋاتاتتى. بوۋاينىڭ تازا كىچىككە تولغان ئىككى ئوغلى بېلىگە كەلگىدەك مۇزدەك سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قوزۇقلارنى يەڭگۈشلەۋاتاتتى. كەچكۈز كۈنلىرى بولغاچقا، كەچنىڭ هاۋاسى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. سۇ ئىچىدە ئىشلەۋاتقان يىگىتلەر ۋە ھېلىقى دېھقانلار بوۋايغا سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ بوۋاينى ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە بىر قانچە قېتىم زورلاپ باققان بولسىمۇ، بوۋاي ئۇنىمىدى. ئۇ ياش يىگىتلەرنىڭ ئىشىدىن خاتىرجەم بولالمىغانىدى. بوۋاي ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇۋېلىپ، ئىشنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىنى كۆزىتىپ نازارەت قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى كۆۋرۈكمۇ پۈتتى، لىمنىڭ ئۈستىگە تاختاي ۋە شاخ-شۇمبىلار بېسىلىپ توپا ياتقۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا بوۋاي خاتىرجەم بولدى. ئۇ ھېلىقى دېھقانلارغا چاي راسلاش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بوۋاي ھېلىقى دېھقانلارنى قوندۇرۇۋالماقچى ئىدى.

*   *

ھېلىقى يىگىت ئاچچىق تاماكا ئىسى ۋە هاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى بىلەن هاۋاسى نەپەس ئالغۇسىز دەرىجىدە بۇزۇلغان دۇكانغا كىردى-دە، ئودۇل بېرىپ هاراق كۆمزىكى قويۇلغان پوكەيگە يۆلەندى. دۇكانچى قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە سوراپ تۇرماستىنلا تېخى هازىرلا بىكارلانغان چىنىنى قولىغا ئېلىپ كەمچەننى هاراق كۆمزىكىگە پاتۇردى ۋە يىگىتكە سوئال نەزەرىدە كۆز تاشلىدى:

— ئادەتتىكىدەك؟

— ھەئە...

دۇكانچى قولىدىكى هاراق قويۇلغان چىنىنى يىگىتكە ئۇزاتتى:

— بۈگۈن كېچىكتىڭىز يىگىت؟ يەنە خوتۇنىڭىز تۇسىۋالدىمۇ-يە؟

يىگىت ئۈنچىقماي چىنىنى قولىغا ئالدى ۋە چىنىدىكى دوغلانغان هاراققا تىكىلدى. دۇكاندا ئىشلىتىلىشكە باشلىغاندىن بۇيان يۇيۇلۇپ باقمىغان بىر پوچۇق چىنىنىڭ ئىچى-تېشىدا پىچاق بىلەن قىرىپمۇ ئادالمىغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە كىر توختاپ كەتكەنىدى. ئۇ چىنە بۇ يەردە خۇددى ئۇياتنى بىلمەيدىغان بۇزۇق ئايالغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنى ھەر كۈنى نەچچە ئونلىغان لەۋلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆپەتتى. بۇ چىنە ئۆزىنى ھەۋەس بىلەن ئۆپۈشكە ئۆگىنىپ قالغان ئەشۇ مەن-مەن دېگەن يىگىتنىڭ كىشىنى بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئاسمانغا قارىتىپ قوياتتى.

يىگىت چىنىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان هاراقتىن كۆزىنى ئۈزۈپ خۇددى ئويلىنىۋاتقاندەك



تورۇشقا بىرەم تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئاندىن چىنىدىكى هاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ پاك - پاكىزە ئىچىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاچ قۇرسىقىنىڭ ئىچىدە ئېچىشىپ بىر نەرسە «لاپپىدە» قىلىپ ئوت ئالغاندەك بولدى. يىگىت چىنىسىنى يۈكەنىڭ ئەينىكىگە «تاققىدە» قويدى ۋە دۇكانچىغا قاراپ دېدى:

— يەنە بىرنى، بىراقلا توشقۇزۇڭ... — دېدى. دۇكانچى خاۋاتىرلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— جىگەرىڭ چاتاققۇ يىگىت سىنىڭ... ئۆتكەندەك بىرەر خانىدا ياتارسە نىمكىن؟ — دۇكانچى چىنىنى قولىغا ئالدى.

— قويۇڭ دېدىمغۇ، — دېدى يىگىت توڭلۇق بىلەن، — نېمە بولسام ئۆزەمنىڭ ئىشى.

دۇكانچى بېشىنى چايقاپ قويۇپ چىنىنى توشقۇزۇپ يىگىتنىڭ ئالدىغا قويۇپ نېرى كەتتى. يىگىت يېنىدىن موخۇركا قۇتىسى ۋە قەغەزنى چىقىرىپ بىر تال موخۇركا ئوردى.

دۇكاننىڭ ئىچى موخۇركا ئىسىنىڭ دەستىدىن تىنىقسىز بولۇپ كەتكەندى. دۇكان ئىچىنىڭ تۆۋىدە ئۇ يەردە - بۇ يەردە ئىككى - ئۈچتىن بىر توپ بولۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ كۆلكە - پاراڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەپەسىدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراقتىن كىشىنىڭ بېشى قېيىپ كۆڭلى ئاينىيدۇ. تام تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشۇپ هاراق ئىچىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى شەهەر كوچىلىرىدا لاغايلاپ يۈرىدىغان ئىش ياقماسلار ياكى ئوقەتتى تازا ئاقمايۋاتقان كۆتەمكەش يانچۇقچىلار بولۇپ، ئۇلار بۇ دۇكاندىكى ئەرزان پۇللۇق ناچار هاراقنى گويا گوداڭغا ئۆگەنگەن لاما ئىتلاردەك ئۆگىنىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار كۈندۈزى ئۇيەر - بۇيەردە تېرىپ تاپقان تىيىن - موچەنلىرىگە كەچقۇرۇنلۇقى مۇشۇ دۇكاندا «كەيىپ» قىلىشاتتى. بەزىلىرى دۇكانچىغا پۇل چىقىشتۇرالمىسا هېچ ئىككىلەنمەيلا، يۈكەي ئالدىدىكى «تىنىكتۇرما» قىلىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، كىشىلەردىن ئېشىپ مەينەت چىنىنىڭ ئاستىدا قالغان دۇغ هاراقلارنى تىلەپ ئىچەتتى. ئەنە ئاۋۇ تامنىڭ تۆۋىدىكى گىرنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرغان جۇلجۇل كىيىملىك قاتاڭغۇر ئادەم بۇ يىگىتنىڭ هاراق توشقۇزۇلغان چىنىسىگە خۇددى يەمگە ئىنتىلىپ تۇرغان ئاچ هايۋاندەك تاقەتسىزلىك بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پات - پات قۇرۇنغان ۋە ئىپلاس لېۋىنى يالاپ، قوشنىنىڭ تىرنىقىدەك ئۆسۈپ ئاستىغا كىر توشۇپ كەتكەن تىرناقلىرى بىلەن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان مەيدىسىنى كارتىلدىتىپ تاتىلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ سەل نېرىسىدا قىزىلمۇچ قاچىلانغان كاناپ تاغارغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ مەينەتلىكىدىن ئۇزۇن سوندۇرغىدەك دەرىجىدە پارقىراپ كەتكەن ئۈچ ياش يىگىت تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىكى هاراق چىنىسىنى بىر - بىرىگە دەۋەيلىشىپ هۆرپىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار باياتىن ئۆزئارىنىڭ بىر - بىرىگە نەقەدەر ئاراق، سادىق ئىكەنلىكىنى قىزىشىپ ئىسپاتلاشقانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلار «ياغلىق ئۈچەي كاۋىپى ياخشىمۇ ياكى جىگەر كاۋىپى ياخشىمۇ» دېگەن مەسىلىدە مۇنازىرىلىشىپ كۆپۈشۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا شۇ تاپتا بىرەر زىق كاۋاپ ئېلىپ يېگىندەك پۇلىنىڭ يوقلۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى كاۋاپ هەققىدىكى مۇنازىرە ئالاهىدە قىزىقتۇراتتى.

ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى كۈندۈزدە بىر قارىسىلا مەلۇم بولىدىغان، خارىزشلىق، بىچارىلىق، گۇمۇشلۇك، جۇرئەتسىزلىك ۋە مىسكىنلىك ئەمدى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئاچقىنىدىن بوران هۇۋۇللاپ قالغان بوش قورساقتا كىرگەن ئۆتكۈر سۇيۇقلۇقنىڭ كۈچى بىلەن بىر - بىرىدىن سۈزمەن، بىر - بىرىدىن ئەقىللىق ۋە ئۈچەي كاۋىپىنى هەممىدىن جىق يەپ باققان بولۇپ چىقىشاتتى. ئادەتتە ئۇرۇكۇپ كەتكەن توخۇدىنمۇ بەك قورقۇنچاق كېلىدىغان، بۇ ئادەملەر شۇ تاپتا چاپچىپ تۇرغان ئاتتەك قورقۇمسىز، جۈرئەتلىك

بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار ھېلىلا بىر - بىرى-
نى بىر مىڭ بىلەن كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتى-
دىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۆزۈندىن بېرى تازىلانمىغاندەك ئىپلاس-
شىپ كەتكەن دۇكاننىڭ نەم پەگاھىدا داق يەر-
دىلا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان سېرىق بۇدرە
چاچ بىر يىگىت كۆزىنى يىرىمۇۋېلىپ قانداقتۇ
بىر نەخشىغا ئالاتاغىل تىۋىلىماقتا ئىدى. ئەت-
راپتىكى ئادەملەرنىڭ چوقان - سۈرەنلىرى
ئۇنىڭغا ھېچ تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى. ئۇ
شۇتاپتا ئۆزىچە گويا بىر شاھزادىنىڭ ھوزۇرى-
نى سۈرۈۋاتاتتى...

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ۋۇجۇدىدا قېپقالغان
ئەڭ ئاخىرقى ئەقىل ۋە ھايات ئۇچقۇنلىرىنى
ئۆز قولى بىلەن ئۇچۇرۇۋاتقان بۇ ئادەملەر،
شۇتاپتا ئۆزىنى ئۇنتۇشنىڭ ۋە ئۆلۈم قوينىغا،
ھالاكەت ئۇپقانىغا قاراپ يۈگۈرۈشنىڭ بەسلىشىش-
لىرىدە تەلۋىلەرچە تەنتەنە قىلماقتا ئىدى.

يىگىت ئۆز ئەتراپىدىكى بۇ مەنزىرىلەرگە
قارىغانسېرى، ئىچىنى بىر خىل تىت - تىتلىق كۆيە-
دۈرگەندەك بولدى. ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئاچچىق
كۈلۈمسىرىدى... ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
ئەجەپ ھېس قىلماپتىكەن - ھە؟ قاۋاقخانا
چىرىقىنىڭ غۇۋا نۇرى ئاستىدا، بۇلۇتتەك
لەيلەپ يۈرگەن كۆكۈش ھەم قاڭسىق تاماكا
ئىسىنىڭ ئاستىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان زەئىپلىك ۋە
چۈشكۈنلۈك ئۇنىڭغا ئىلگىرى تەسىر قىلمىغىنى

ئەجەپ - ھە؟ بەس بولدى! يېتەر ئەمدى!
مۇشۇ سائەتكىچە ئەجەپ ۋەھشىيلىك ئىچىدە
ياشاپتۇ - ئۇ! ياش جېنىغا زىنھار ئىچ ئاغرىتى-
ماپتۇ. ھازىرغىچە جاھالەت ۋە قاباھەت قاي-
نىمىدا تىركىشىپ كېتىپتۇ. كۈننىڭ سېرىقىنىڭ،
يەلپىنىپ تۇرغان يېشىللىقىنىڭ، ئىپار - ئەنبەر
چېچىپ تۇرغان گۈل - چېچەكنىڭ قەدرىگە
يەتمەپتۇ. ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۆزى قىيناپ، ئۆزى-
نىڭ ياشلىقىنى ئۆزى خارلاپ كېتىپتۇ. ساق
بېشىنى ساراڭ قىلىشنى خۇما قىلىپتۇ. مەس
كاللىدا نېمە ئوي، نېمە ئارزۇ، نېمە ئارمان
بولماقچى؟ مەس كاللىدىن ئەخمەق پىكىر چىقىدۇ،
باشقا ھېچنېمە ئەمەس، نە، ئەقىلنىڭ كىچىككىنە

زەررىچىسى بولسا كاشكى!! شۇنداق بولىدىغانمۇ
ھازىرغىچە ئەل ئالدىدا ئاتالغىدەك، بىر ئادەم-
نى سۆيۈندۈرگىدەك، بىرەر ئادەمنىڭ دەھشەتلىك
رەھمىتىنى ئالغىدەك بىرەر ئىش قىلماپتۇ.
ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە قىل چاغلىق
تۆھپە قوشماپتۇ، ئۆزىنىڭ ئەشۇ ھايات دەپتىرى-
نى ۋاراقلىغىدەك بولسا ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىگە
بىرەر قانائەت، خاتىرجەملىك، پەخىرلىنىش
تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان بىرەر تۈرلۈك نەرسە
چىقمىغىدەك! قۇرۇسۇن بۇنداق لەنەتلىك تۇر-
مۇش! پۈتكۈل پاسىقلىقنىڭ بېشى مۇشۇ كاسا-
پەت ئىپلاس ھاراق، ھەممە بالا - قازانىڭ
ئانىسى مۇشۇ مەرەز! تۈنۈگۈن بىللە ئىلپەت-
لىشىپ، كۈلۈپ، ياپراپ كەيپ قىلىشقان ساپ-
ساق بۇرادىرىنى بۈگۈن قارا يەر قوينىغا ئالدۇر-
غان، تەققى - تۇرقى، ئەقلى - ھوشى ھېچكىم-
دىن قېلىشمايدىغان ھەر - ھەر بىرنا يىگىتلەر-
نى قاۋاقخانىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا ئەرۋاھدەك
ئالاڭلاپ ئالا تاغىل ۋارقىرىشىۋاتقان مۇنۇ
تىرىك جەسەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان مۇد-
ھىش جادىگەر يەنە شۇ ھاراق ئەمەسمۇ؟ قانداق
چاغدا چېپىلىپ قېلىۋىدىكىن بۇ ئوت - زەھەر-
گە! مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزى نېمە بولماقچى،
ھېلىھەم نېمە بولدى؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭ-
غۇلاشقاندەك بولدى، ئۇ ئەشۇ گىرىمسەن
قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چوقچىيىپ ياتقان
زومچەك-زومچەك قەبرىلەرنى غۇۋا كۆرگەندەك
بولدى. شۇ ھامان يىگىتنىڭ تېنى جۇغۇلداپ
يۈرىكىگە بىر ئاغرىق كىرگەندەك بولدى. باياتىن-
دىن بېرى ئازراق ئۇنتۇلغان ئۆلۈم قورقۇنچى
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە قايتىدىن ئىگىلىۋالدى.

ئۇ تاماكىسىنى كۈچ بىلەن شوراپ، لېۋىنى جەھ-
لى بىلەن چىشلىدى ۋە بارماقلىرى بىلەن پۆكەي-
نىڭ ئەينىكىنى تاقەتسىزلىك ئىچىدە چېكىۋەتتى،
ئۇنىڭ بارماقلىرى تىترەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆڭ-
لىنى بوغۇۋالغان ئەنسىزلىك، ئالاقزادىلىك بار-
غانسېرى جېنىغا پاتماقتا ئىدى. ئاغزىنى ئې-
چىپ قارىيىپ ياتقان گۆرلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن
زادىلا نېرى كەتمەيتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت قۇلاق
تۈۋىدىلا ياڭرىغان قوزغۇنىڭ دىقاقەت قىلغان يې-

قىمىسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى-دە، ئالاقزادىلىق بولۇپ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئەسلىدە بۇ قانداقتۇ قۇزغۇنىنىڭ ئاۋازى بولماي ئەكسىچە قاۋاقخانىنىڭ بۇلۇڭىدا كەيىپ قىلىۋاتقان بىر «زوڭزايۇپ»نىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ئەسەبىي كۈلكىسىنىڭ ئاۋازى ئىكەن. يىگىتنىڭ تېنىنى شۇ ھامان مۇزدەك تەر باستى.

—بۈگۈن تازا مەيلىك يوقمۇ نېمە يىگىت، مۇنۇ چىنىنىڭ ئىچى بار، مەن ساڭا چىنىنى ساتقىنىم يوق......

دۇكانچى دوق قىلغاندەك ئۇنىڭ ئالدىدىكى چىنىگە قول ئۇزاتتى.

—چىنەڭنى بېشىمغا كىيىپ چىقىپ كەتكىنىم يوق، توختاپ تۇرمامسەن؟ ئەكەل ھاراقنى ئەمدى ئىچىمەن......—يىگىت ئالاقزادىلىك ئىچىدە چىنىدىكى ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

—يەنە بىرنى توشقاز! مۇشۇ ئەڭ ئاخىر قىسى! ئەندى بۇ ئىپلاس سۈيۈقلۇقنى ئۆلسەممۇ ئىچمەيمەن، تېز بول قېرى!

دۇكانچى، يىگىتنىڭ بارغانسېرى بوزىرىۋاتقان ساغۇچ چىرايىغا ۋەھىمە بىلەن تىكىلدى.

—بولار ئەمدى! ئاستا كېتىۋال، ھازىرمۇ لاڭتىرلاڭغا دەسسەپ قالدىڭ بالا!—دېدى دۇكانچى مەجھۇللۇق ئىچىدە.

—ئىشىڭنى قىل قېرى! ئەلانۇرخان دومبىرىجانغا دەسسەپ قالسامۇ ئۆزەمنىڭ ئىشى. ھارقىڭنى قۇيۇشىڭنى بىل!

يىگىتنىڭ تىلى سەمىرىپ، ئاغزىدىن شال ئېقىشقا باشلىغانىدى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ پۆكەيگە تاشلىدى.

دۇكانچى ھەم ھەيرانلىق، ھەم دىلغۇللۇق ئىچىدە چىنىگە يەنە ھاراق قۇيدى.

يىگىت چاڭقاپ كەتكەن ئادەمدەك چىنىگە يېپىشتى ۋە ھاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئىچىنى كۆيدۈرۈۋاتقان يالقۇندىن ئۇنىڭ چىرايى ئۇمىسلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ چىنىنى پۆكەيگە «جاققىدە» قويدى ۋە دۇكانچىغا ھۆرپىيىپ قويۇپ غالداڭلىغىنىچە دۇكاندىن چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھېچنەرسە يوقتەك بوشاپ ئۆزىمۇ يەڭگىللەپ قالغانىدى. ئۇ باشقۇرۇشقا بويسۇنمايۋاتقان ئاياغلىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

— ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىچتىم! ھەممىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن! ئەمدى ياخشى بولدى ... ئەمدى كۆردىڭمۇ قورقمايمەن، ئەرۋاھىدىنمۇ قورقمايمەن، لەنىتى قۇزغۇنىدىنمۇ قورقمايمەن ... ئەمدى ھاراق دېگەن گۇيىنى زادىلا ئىچمەيمەن ... زادى ... ئۇ، ئۇيىاق - بۇياققا سەنتۈرۈلۈپ، ئاياغلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى. ئۇنىڭغا توغرا كېلىپ قالغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ دەررۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشاتتى، ئۇ، چوڭ كوچىدىن قايرىلىپ تارغىنە خالتا كوچىغا بۇرالدى. ئۇ، ئۆيىگە كەتمەكچى ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنى پىچاق بىلەن قوچۇۋەتكەندەك ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ كەتتى، ئۇ «ۋاي» دەپلا دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىققا غۇلاپ چۈشتى-دە، شۇ ھامان ئاغزىدىن ئوقتەك قان كەتتى...

* * *

ئەتىسى ھېلىقى قەبرىنىڭ يېنىدا يەنە بىر قەبرە پەيدا بولدى. مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ئانچە كۆپ ئادەملەر كەلمىگەنىدى. قەبرە بېشىدا ئولتۇرغان جامائەتنىڭ ئەڭ ئالدى تەرىپىدە تۈنۈگۈنكى ۋەجىك بوۋاي شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇ خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك خىيال دېڭىزىغا چۆمگەنىدى. ئۇ ھارغىن ۋە خۇنسىز كۆزلىرىنى كۈچ بىلەن ئېچىپ يىراققا—ئېگىز - پەس، دۆڭ يوتىلارنىڭ قاپتىلىغا ئورۇنلاشقان يېزا باغلىرىغا، يىراقتا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت پارچىلىرىغا قاراپ قوياتتى. قۇياش ئېرىنچەكلىك بىلەن ئولتۇرۇپ باراتتى، كۈز دالىسىنىڭ ئىزغىرىن شامىلى قەبرىلەرنى ئارىلاپ ئۆسكەن شىۋاق - قورايلارنىڭ يالىڭاچ ئوللىرىنى يەڭگىل تەۋرىتەتتى ... يىراقتىن شەھەرگە پاختا ئېلىپ كېتىۋاتقان دېھقانلارنىڭ پاختا باسقان ھارۋىلىرى غىچىرلاپ ئاستائىنە كەلمەكتە ئىدى. بوۋاي يېنىككىنە «ئۇھ» تارتىپ قويۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن قىرائەتكە بېرىلدى. يىراقتا بىر يالغۇز قاغا ئەگىپ يۈرەتتى ...




(داستان)

رەخىم قاسىم

بۇ ئەسەرنى ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، پېشقەدەم كومپوزىتور زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئىللاردا داستان بولغان ھەقىقىي دوستلۇقى شەرىپىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن. — ئاپتور

بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئول پەرى روخسارىنى (ناۋايى)

## مۇقەددىمە

ئاچتىم رادىئونى، يېقىملىق سادا
ئەكەلدى ئالدىمغا باھار پەسلىنى؛
ئەكەلدى گۈللەرنى - خۇشپۇراق چاچقان،
بۇلبۇللار ئوقۇغان داستان - نەزمىنى.
تالادا لەپىلدەپ ياغسىمۇ ئاق قار،
ئۆيۈمدە باھارنىڭ جىلۋىسى - نازى.
ئۇلغايتىپ ئىلھامىم شاقراتمىسىنى،
ياڭرايدۇ زىكرىنىڭ مۇقامى - سازى.
ئېيتىدۇ ئارىيە ھېيتەم، ماھىرە،
ئاتاقلىق ئوپېرا «غېرىب - سەنەم»دىن.
ناخشىلار سۆزلەيدۇ كارامەت قىسسە،
ئاشىقلار تەقدىرى، ھىجران، ئەلەمدىن.
ناخشىلار، ناخشىلار، گۈزەل ناخشىلار،
خىيال ئاسمىنىدا قىلىدۇ جەۋلان.
ناخشىلار ھاياتنىڭ سۆيگەن ئامرىقى،
ھەردىلغا زوق بېرىدىپ قاتقان جانغا - جان.

ئويلىدىم: يېتىلىپ غېرىب، سەنەمنى،
ئۇيغۇر سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان كىم؟
مىڭ يىللار بۇرۇنقى ۋاپادارلارغا،
قايتىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلغان كىم؟
كەلدى كۆز ئالدىمغا نۇرغۇن ئىجادكار،
ھەربىرى جاي ئالغان خەلق قەلبىدىن.
ئىرىلگەن مانابۇ قەدىم رىۋايەت،
ئەنە شۇ تالانتلار مېھنەت - ئەجرىدىن.
كەلدى كۆز ئالدىمغا ناخشىلار قاتار،
ئەڭ ئالدىن كەلگىنى بولدى «روخسارى».
ئويلىدىم: بۇ مۇقام ئوپېرادىكى
جىمىكى ناخشىنىڭ بولدى سەردارى.
بولسىمۇ تاغلارنىڭ گۈلى ھەر ياڭزا،
يەنىلا چىرايلىق گۈلى ئۆزگىچە.
بۇ مۇقام ئالەمگە كەلگەندىن بۇيان،
قالدۇرغان ئىزناسى-يولى ئۆزگىچە.

جانلىتىپ قالماستىن غېرىپ، سەنەمنى،
تاھىرنى، زۆھرەنى ئەيلىمىدىن گۈزەل.
شۇڭلاشقا زىكرىگە ئوقۇپ ئاپىرىن،
يازدى چىن قەلبىدىن لۇتپۇللا غەزەل.
«رۇخسارى» مۇقامى ياڭرىسا ھەرچاغ،
كارامەت كەچمىشلەر چۈشەر يادىمغا.
تۇرغاندەك يانىمۇ - يان لۇتپۇللا، زىكرى،
بىر ئېسىل كارتىنا كېلەر ئالدىمغا!

## 1 - باب

## ئارمان

گومىنداڭ بەئەينى بولۇپ غالجىر ئىت،
ئادىمى ئاتلىقتا ئېسىلغان چاغدا،
قەھرىمىك دېڭىزدەك خەلق غەزىپى،
ئۆركەشلەپ پەلەككە ئېتىلغان چاغدا؛
ئاقسۇدا لۇتپۇللا ۋە سەبداشلىرى،
ئەركىكە بەل باغلاپ چىققىنى مەيدانغا.
شىددەتلىك بوراندا كۆرەش ئۇچقۇنى،
ئايلاندى لاۋۇلداپ كۈچلۈك گۈلخانغا.
خارلانغان خەلقنى چېلىشقا ئۈندەپ،
جەڭگىۋار شېئىرلار ياراتتى شائىر.
لېنىن تەلىمىنى—قۇياش نۇرىنى،
قاراڭغۇ دىللارغا تاراتتى شائىر.
ۋەتەنىنىڭ ئەڭ چەتكى بۇ خىلۋەت جايى،
ئويغاندى - خاتىمە بەردى غەپلەتكە.
پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋولقاندەك،
ئەجەللىك ۋەھىمە سالدى زۇلمەتكە.
بۇ باتۇر يىللاردا ئويغاق شۇڭقاردەك،
لۇتپۇللا بىلمىدى قىلچە ئارامنى.
كۈندۈزى ئىشلىسە كېزىتخانىدا،
كۇلۇپتا ئۆتكۈزدى ھەر كەچ - ئاخشامنى.
ئۇ تەھرىر، ئۇ شائىر، دراماتورگ،
شۇنداقلا ئۇ ئىدى ئارتىست، رېژىسسور.
ئۇ رەسسام - سىزاتتى دېكوراتسىيىنى،
ئۇ بولۇپ سىمۇدتچىك - تەشكىللەتتى ئور

«ئون قولى گۈل» دېيدۇ مۇنداق ئادەمنى،
يەتكىچىكە ھەر ئىشقا ئەقلى - تەدبىرى.
«قىرىق بىر ھۈنەرلىك يىگىت لۇتپۇللا»—
بۇ ئىدى ئۇنىڭغا ئەلنىڭ تەبىرى.
بۈگۈنمۇ ئۇ يەنە چىراق تۈۋىدە،
تاڭغىچە يۈگۈرەتتى قەغەزدە قەلەم.
تىزىلدى قۇرلارغا قىساس لەشكىرى،
تىزىلدى جەڭگاھقا تولغان تىغ - ئەلەم.
تاھىرنىڭ ئوبرازى شۇ قەدەر يارقىن،
ئوينىدى قولىدا كۆمۈچرەڭ شەمشەر.
ئۈزۈلدى كالىسى قارا باتۇرنىڭ،
ئىچتى ياۋ ئەجەلنىڭ جامىدىن زەھەر.
ساداقەت- ۋاپانىڭ ئۈلگىسى زۆھرە،
دېدى ئۇ: ھاياتتىن ئەلا مۇھەببەت.
تاجۇ- تەخت، مال- دۇنيا، ئۆلۈم دەھشىتى،
مۇھەببەت ئالدىدا يېڭىلدى ئەبەد.
سۆيگۈ دۇنياسىنىڭ بۇ چولپانلىرى،
مەڭگۈلۈك ئويقىغا بىللە ئالدى يول.
باشئەگمەي تېغىدا- قەبرە ئۈستىدە،
ئېچىلدى روھىدىن بىر جۈپ قىزىلگۈل...
ئاخىرقى نۇسخىسى «تاھىر- زۆھرە» نىڭ
چىققاندا شائىرنىڭ ماھىر قولىدىن؛
كۆزلىرى ئېچىلغان قايىنار بۇلاقتەك،
ئۇرغىدى بىر ئوتلۇق ئارمان كۆڭلىدىن:
بولسىدى شۇ تاپتا قەدىناس زىكرى،
ئوپېرا جېنىغا قوشۇلاتتى جان.
ئاقاتتى مىسرالار تومۇرلىرىدا،
ئۇ يازغان ئاھاڭلار بولۇپ جۇشقۇن قان.
لېكىن ئۇ ئىلمىدا- يىراق دىياردا،
مۇز داۋان تۇرىدۇ بۆلۈپ ئارىنى.
ۋە لېكىن چىن دوستلۇق تۇرىدۇ باغلاپ،
ئىنتىزار دىللارنىڭ رىشتى- تارىنى.
لۇتپۇللا ئېسىدە ئەشۇ كۈن ئېنىق،
ئەينەكتە ئەينىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك.
نەچچە يىل ئىلگىرى ئەمەس ۋە بەلكى،

بۇ تۇنجى ئۇچرىشىش ھازىر بولغانىدەك.
ياز ئىدى، يەر- جاھان گۈللەرگە تولغان،
گۈپۈلدەپ ئۇراتتى ئىللىق خۇشپۇراق.
پەردىدەك ياسالغان چىرايلىق ئۆلجا،
قىلاتتى مەھلىيا، قوزغاپ ئىشتىياق.
ئاق تېرەك بوي سوزغان كۆپكۆك ئاسمانغا،
تۇراتتى يول بويلاپ لەشكەردەك ھەيۋەت.
ئۆلجىنىڭ ئەنە شۇ كەڭ كوچىسىدا،
لۇتپۇللا زىكرىنى كۆردى تۇنجى رەت:
دوپ- دومىلاق، ئاق يۈزلۈك، چىرايلىق يىگىت،
لۇتپۇللا ئالدىغا كەلدى خۇش كۈلۈپ.
«مەن- زىكرى!» دېدى- دە، قەدىناسلاردەك
ئۇزاتتى قولىنى يېقىن- ئۆز كۆرۈپ.
«مەن- لۇتپۇن!»- كۆرۈشتى لۇتپۇللا دەرھال،
چاقنىدى كۆزىدە شادلىق ئۇچقۇنى.
گوياكى قىرغاقتىن تاشقان دەريادەك،
ئۆرلىدى بىر يۈكسەك ئۈمىد دولقۇنى.
مانا بۇ ئۇچرىشىش- دىدارلىشىشقا
ئىككىسى ئىنتىزار بولغان ئۇزاقتىن.
شۇڭلاشقا ئاقتى سۆز تىللاردىن راۋان،
ئاققاندەك ئايىقى پۈتمەس بۇلاقتىن.
ئىككىسى دوست بولدى شۇ كۈندىن تارتىپ،
جۈپ يۈرەك بىر مەقسەت ئىشقىدا تەپتى.
مۇزلىغان ھاياتقا بەردى ھارارەت،
بۇ ئىسسىق دوستلۇقنىڭ يالقۇنى- تەپتى.
لۇتپۇللا قەلىمى ياراتقان شېئىر،
زىكرى دۇتاردا ئۇچتى قاناتلىنىق.
مانا بۇ ناخشىلار تەشنا دىللارغا
ئاتتى كۈچ- ئىلھام، ئىشەنچ ۋە شادلىق...
لۇتپۇللا شۇلارنى ئالغاندا ئەسكە،
چاقنىدى مەمنۇنلۇق كۈلكە جىلۋىسى.
بولاتتى كەلگەندەك گۈل ئۈستىگە گۈل،
شۇ تاپتا دەرقەمتە بولسا ئىككىسى...
لۇتپۇللا چۆككەندە شۇ شېئىرنى ئويغا،
تۇيۇقسىز ئىتىرىقلاپ قېقىلدى ئىشىك،

بۇ ئاۋاز ئۇيقۇدا تونۇش- ئۆز ئىدى،
ئېچىلدى ئىشىككە چاقماقتەك ئىتتىك.
دېگەندەك تۇراتتى بىلال ئەزىزى،
لۇتپۇللا بىر ھازا بولدى ھەيران- لال.
«نېمىگە كەلگەندۇ بۇ مەھەل تاڭدا؟»-
ئويىدىن يالت ئېتىپ كەچتى شۇ سوئال.
دېدى ئۇ: «ئىلىدىن كەپتۇ كارۋانلار،
چۈشۈپتۇ ئاخشام كەچ دەڭگە- سارايغا.
تاپىلاپ بېرىپتۇ: سىزنى كېچىكمەي
ئۈلگىرىپ كەلسۇن دەپ ناشتىلىق چايغا.»
لۇتپۇللا كېيىنىپ ماڭدى تالاغا،
ماڭدى ۋە بەلكى ئۇچتى قۇش بولۇپ.
يولىغا كۆز تىككەن بۇ مېھمانلارنىڭ
كەتتى ئۇ ئالدىغا تاغدەك خۇش بولۇپ.

## 2 - باپ

## ئون ئۈچىنچى مۇقام

بۇ قىرىق تۆتىنچى يىلنىڭ ياز پەسلى،
چوڭ تەۋرەش ئالدىدا تۇراتتى ئۆلكە.
قەھرىمان يىگىتلەر ئىلقا ئېغىندا،
بۇ ئۇلۇغ تەۋرەشكە ياراتقان ئۆلگە.
بۇ خەۋەر كەلگەندە يىراق ئاقسۇغا،
لۇتپۇللا ئالەمچە شادلىققا تولدى.
ئۆرتىنىپ ياۋ تەختى، كۈلۈپ ئەل بەختى،
قۇياشلىق زاماننى كۆرگەندەك بولدى:
لۇتپۇللا ئۆزىمۇ ئىلقىلىق ئوغۇل،
كىندىك قېنى تامغان ئەشۇ ئىلقىغا،
تۇراتتى ماگنىتتەك تارتىپ يۇرت مېھرى،
كەتسىمۇ تاغلارنىڭ نېرى يېقىغا.
ئۇ قانداق خۇش بولۇپ قىلمىسۇن پەرۋاز،
ئىپتىخار- غۇرۇردىن تاقاپ قاناتنى؟!
تارىختىن ئالتۇن بەت ئېچىپ شۇ يۇرتى،
باشلىسا جەڭگىۋار يېڭى ھاياتنى!
ئەشۇنداق ھاياجان قاينىاپ قەلبىدە،
ئۇ كەلدى ئۇچقاندەك كارۋان سارايغا.

لۇتپۇللا بىلەتتى: تالىقتى بۇ جاي
بىر رەزىل مۇتتەھەم تىلەك ـ تىلەكچى بايغا.
شۇڭلاشقا، كىرگەندە قورا ـ ھويلىغا،
كۆرسەتتى ئۆزىنى مەغرۇر، بەھەيۋەت.
ئېيتقاندەك ئالدىدىن چىقىپ كەلدى باي،
ئىگىلىپ، پۈكۈلۈپ، قىلىپ خۇشامەت.
بىلەتتى لۇتپۇللا: ئۇ خۇشامەتنىڭ
ئىچىگە ئورالغان زەھەرلىك خەنجەر.
بىلەتتى: چاپاتتى جىگساجۇ① گە باي،
ئۆزىدىن بىر گۇمان پەيقىسا ئەگەر.
مۇنداقلا ئۇچرايتتى قەدەمدە نەچچە،
جاسۇسلار چىۋىندەك ھەريان تارىغان.
ئوخشايتتى قىلىقى لالما ئىتلارغا،
كۆتىگە تەپسىمۇ تاۋاق يالىغان.
لۇتپۇللا ھۆممىيىپ بايغا بىر قاراپ،
ئۇندىمەي يول ئالدى تونۇش ھوجرىغا.
ئىچچەكلەپ قالدى باي چۈشكەندەك ئۆزى،
ئۆزگىنى باپلاي دەپ قازغان ئورىغا.
لۇتپۇللا ئىشىكتە كۆرۈنگەن ھامان،
مېھمانلار ئالدىراپ چىقتى ئالدىغا.
باشلىدى شائىرنى ئۆينىڭ تۆرىگە،
ۋە ئۇنى ئولتاردى ئېلىپ ئارىغا.
داستىخان ئۈستىدە قىزىدى سۆھبەت،
بۇ سۆھبەت چايدىكى ناۋاتتىن شېرىن.
بۇ سۆھبەت تومۇزنىڭ سالقىن يامغۇرى،
بۇ سۆھبەت يۈرەككە تومۇردەك يېقىن.
سۆزلەندى ئېلىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى،
سۆزلەندى پۇقرادىن ـ دوتىيىگىچە.
سۆزلەندى ئىلقىنىڭ ئولاستايدىن،
لەڭشاڭنىڭ ئاكوپى ـ پوتەيىگىچە.
شىمالدا يېقىلغان ئىنقىلاب ئوتى،
لۇتپۇللا قەلبىگە چاچراتتى ئۇچقۇن:
تۈيۈلدى ئېلىنىڭ دولقۇنلىرىغا
تارىمۇ جۇر بولۇپ سالغاندەك شاۋقۇن.

سۆزلىدى مېھمانلار زوق ـ ھەۋەس بىلەن
«چىن مۇدەن»، «قانلىق داغ»، ھەمدە «ئۆنچەمەنى»
ئېلىدا شان ـ شۆھرەت تاجىنى كىيگەن،
قايتىدىن ئىشلەنگەن «غېرىب ـ سەنەم»نى.
لۇتپۇللا يايرىدى بۇ خۇش خەۋەردىن،
شادلىقتا قېنىغا سىغماي قالدى ئۇ.

يۈرىكى بەئەينى زەپەر ناغرىسى،
خۇشناۋا تەنتەنە كۈيگە چالدى ئۇ.
«رۇخسارى» مۇقامى سۆزلەنگەن چاغدا،
خۇشلۇقى تېخىمۇ چىقتى ئەۋجىگە.
«زىكرىنىڭ دۇتارى ـ ئۇيغۇرنىڭ پەخرى!»
دېدى ئۇ ئاپىرىن ئوقۇپ ئەجرىگە.

لۇتپۇللا شۇ ھامان قىلدى ئىلتىماس،
مۇقامغا چېلىشنى مەلۇم مېھماندىن.
بىلەتتى، ئۇ مېھمان ئۇستا سازەندە،
سۆيەتتى سەنئەتنى يارىتىپ جاندىن.
سازەندە تارىغا تەككۈزگەندە قول،
سايرىدى بۇلبۇلدەك ئېسىل دۇتارى.

ئاقسۇ ئاسمىنىدا مانا تۇنجى رەت
ياڭرىدى جاراڭلاپ گۈزەل «رۇخسارى».
«رۇخسارى»، ئەي ئەلنىڭ سۆيگەن نىگارى!
سەن شۇنداق تارالغان چەكسىز شىنجاڭغا.
تارالغان ھىمالاي، پامىردىن ھالقىپ،
مەغرىبكە، مەشرىققە، پۈتۈن جاھانغا.

ئۇ چاغدا ـ بۇ كىچىك كارۋان سارايدا
تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئىدىك بۇ كۈننى؛
كۆزۈڭمۇ يەتمىگەن مەيتۇن قىلىشقا،
سېھىرلىك كۈچۈڭگە سانسىز كۆڭۈلنى.
ئويلىساڭ تارىخنىڭ قۇدرىتى قالتىس،
يەتمەيدۇ ئىنساننىڭ ئىدرىكى ئاسان.

ئېلىدا تۇغۇلغان تېخى سەن بولتۇر،
ھە بۇ يىل ئاقسۇنى ئەيلىدىڭ ماكان!...
«رۇخسارى» بۇ ئاددىي تارچۇق ھوجرىدىن

① قورچاق ساقچى ئىدارىسى.

ئۇچماقتا قاناتلىق ھەر يانغا تاراپ.
كەلمەكتە ئادەملەر بولۇپ مەھلىيا،
ناخشا ـ كۈي ياڭرىغان سەيناغا قاراپ.

لۇتپۇللا پېيىغا چۈشكەن ئىدى باي،
بولغاچقا ئىلىك ـ ئىگىلاش كەسپى ـ ھۈنىرى.
ئۇنۇتتى ئۆزىنى ئاشۇ چېغىدا،

مۇقامنىڭ تامامەن بولۇپ ئەسىرى.
ئۇنۇتتى خۇدىنى ھەتتاكى قۇشلار،
قونۇشۇپ تاملارغا سىلىشتى قۇلاق.
پەدىگە تەڭكەشلەپ چالدى چاۋاكنى،
ياپيېشىل شاخلاردا كۆرمىگەن يوپۇرماق ...
«رۇخسارى» ـ مۇقامى، مەشرەپ، تەلقىسى،
مەرغۇلى، ناخشىسى ... مىسلى بىر دۇنيا،
دولقۇننى دولقۇنلار قوغلۇشۇپ ئاققان،

گوياكى ئۈزۈلمەس شاۋقۇنلۇق دەريا.
لۇتپۇللا ئاقماقتا ئەشۇ دەريادا،
دولقۇنلار ئەۋجىدىن ئالماقتا لەززەت.

ئۇ شۇنداق لەززەتكى، ئىزھارلاش مۈشكۈل،
تىلدا يوق ئۇقەدەر مۇكەممەل قۇدرەت.
مۇقامنىڭ چۈشۈرگە، خاتىمىسىنى
تۈگەتكەن چېغىدا مېھمانىمۇ ئاخىر؛

دەس تۇرۇپ ئورنىدىن زور ھاياجاندا،
سازەندە قولىنى چىڭ قىستى شائىر.
لۇتپۇللا يۈزىدە ئويناپ تەبەسسۇم،
خۇشاللىق يېشىغا تولدى كۆزلىرى،
تاپقاندەك ئىزلىگەن ئەڭگۈشتەرىنى،
ئۇرغىدى قەلبىدىن ئالقىش سۆزلىرى:
«ئەي ئويغۇر، سەن بۈيۈك تالانتلىق مىللەت،
تۇرغىنىڭ ـ پۈتكىنىڭ مۇزىكا ـ ناخشا.
سەندىكى بۇ ئېسىل كارامەت خىسلەت،
قىلىدۇ ھەركىمنى ئۆزىگە شەيدا.
ئەجرىڭدىن يارالغان ئون ئىككى مۇقام،
جاھان سەنئىتىنىڭ بولدى گۈلتاجى.
بولۇپ شۇ مۇقامنىڭ ئون ئۈچىنچىسى،
ئالەمگە كۆز ئاچتى گۈزەل «رۇخسارى»!
نېمىشكە شادلىنىپ كۈلمەيلى دوستلار،
بۇ يېڭى غەلىبىگە قىلىپ تەنتەنە؟!
بەرق ئۇرۇپ باھارنىڭ چېچەكلىرىدەك،
گۈللىسۇن تېخىمۇ شانلىق ئەنئەنە!...»
لۇتپۇللا سۆزلىرى تاڭ شامىلىدەك،
ئويغاتتى دىللاردا ئىپتىخار ـ غۇرۇر.
قاراڭغۇ كېچىدە يانغان مەشئەلدەك،
يورۇتۇپ دىللارنى چاچتى پارلاق نۇر.
لۇتپۇللا «رۇخسارى» نوتىلىرىنى
كۆڭۈل دەپتىرىگە كۆچۈرۈپ ئەينەن؛
ئىشىدىن تاپقاندا تولۇق قانائەت،
خوشلاشتى بىرمۇ ـ بىر مېھمانلار بىلەن.
دېدى ئۇ: «ئاقسۇدىن سىلەر يانغىچە،
«رۇخسارى» چىقىدۇ چوقۇم سەھنىگە.
بۇ مېنىڭ سىلەرگە قىلغان تەكلىپىم،
كېلىڭلار بولغۇسى ئويۇن ـ بەزمىگە!»
لۇتپۇللا قوزغالدى كارۋان سارايدىن،
سىغمايتتى كۆكسىگە بەختى ـ شاتلىقى،
ئۇنىڭغا ئوخشۇشلۇق، كۆپ ئۆمۈر تىلەپ،
ئۇزاققا ئۇزىتىپ قالدى بارلىقى.

## 3 ـ باب

## «تاھىر ـ زۆھرە»

ھەيۋەتلىك، ئازادە ئاقسۇ كۇلۇبى،
يېشىل قاڭالتىردىن چېدىر يېپىلغان؛
ياپونغا قارشى جەڭ ئۇرۇش يىللىرى،
ئۇمۇ بىر جەڭچىدەك سەپكە قېتىلغان.
ئەينى چاغ شىنجاڭدا ھەر ۋىلايەتتە،
سېلىنغان كۆپلىگەن بۇ تەقلىد كۇلۇب.
ھە، ئۇلار ئىسيانكار قەيسەر مىللەتنىڭ
قالغاندى مۇقەددەس جەڭگاھى بولۇپ.
بۈگۈنمۇ بۇ يەردە بولماقتا بىر جەڭ،
ئىستىبداد تۈزۈمگە ـ زۇلمەتكە قارشى.
تۇرماقتا جاراڭلىق خىتابەتەك ياڭراپ،

ئىنسانى ھوقۇقنىڭ جەڭگىۋار مارشى.
لۇتپۇللا ئويناپدۇ سەھنىدە مانا،
ئوينىغان رولىدۇر تاھىرنىڭ رولى.
تاھىردۇر چىرىگەن كونا دۇنياغا
ئوت ئاچقان باتۇرنىڭ ئوبراز - سىمۋولى.
خارلانغان خەلقنىڭ ۋەكىلى تاھىر،
ياشىدى ئەل بىلەن بولۇپ تەقدىرداش.
تاھىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئوت يۈرەك ئوغلى،
ئۇلۇغۋار مەقسەتنى دىلغا پۈككەن ياش.
ئۇ دېدى: نۇر چاچسۇن ئەرك قۇياشى،
كۆم بولسۇن شاھلارنىڭ مۇستەبىت تەختى.
يوقالسۇن تەڭسىزلىك، ھاكىم مۇتلەقلىق،
ئېچىلسۇن گۈل بولۇپ خەلقنىڭ بەختى!
ئۇ دېدى: سۆيۈشۈپ كۆڭۈل بەرگەنلەر،
رەقىبلەر قولىدا بولمىسۇن خار-زار.
كەزمىسۇن چاپالىق ھىجران دەشتىنى،
ياشىسۇن بىر ئۆمۈر خۇشال، بەختىيار!...
شۇڭلاشقا ياغدۇردى زالىم پادىشاھ،
تاھىرنىڭ بېشىغا ئاپەت تېشىنى.
تارتىسمۇ ھەرقانچە ئازاب - ئوقۇبەت.
ئەگمىدى مەرت يىگىت ياۋغا بېشىنى.
كۆزۈمگە قادالغان مىخ دەپ شاھ ئۇنى
تاشلىدى دەرياغا ساندۇققا سېلىپ.
يۈرسىمۇ يات ئەلدە يۈردى ھەر زامان
ئېلىنى، يارىنى دىلدا ياد ئېتىپ.
جەڭ قىلىپ بىر ئۆمۈر ياۋ بىلەن تاھىر،
بولدى ئۇ يەنىلا جەڭگاھتا قۇربان.
ئۆلۈمى ئالدىدا ئېيتقان بۇ ناخشا
قالدى بۇ ئالەمدە جاراڭلاپ ھامان:

«زۆھرە جانىم ۋەسلىڭ ئىزلەپ،
رەقىب قولىغا چۈشتۈم ئەمدى.
كېچە - كۈندۈز دىدار ئىزلەپ،
ئوتتەك يېنىپ ئۆچتۈم ئەمدى.

ئۆمرۈم ئۆتتى تىنماي يىغلاپ،
كۆزۈم قانلىق يۈرەك زەرداپ.
مانا ئاقىۋەت بولدۇم خاراب،
ئۆزگە ۋەتەنگە كۆچتۈم ئەندى.

زېمىننى باسسۇن ئاھىم مېنىڭ،
يەلەكتىن ئاشسۇن زارىم مېنىڭ،
پەرىشاندۇر ھالىم مېنىڭ،
ياردىن جۇدا بولدۇم ئەمدى.

تاھىردەرلەر نامىم قالدى،
پىغان بىلەن زارىم قالدى،
ئەجەل مېنى قويىنىغا ئالدى،
ئارمان بىلەن ئۆلدۈم ئەمدى.»

تاھىرنىڭ ھاياتى بولدى زور ۋولقان،
يەتكەندەك ئەجىلى تىترىدى زۇلمەت.
تاھىرنىڭ ئۆلۈمى بولدى بىر خىتاب،
كۆرەشچان خەلققە بەردى كۈچ - غەيرەت.
لۇتپۇللا ئوينىدى ئەنە شۇ رولنى،
جارى قىپ تالانتى - ماھارىتىنى.
ياراتتى ئوبرازنى شۇ قەدەر جانلىق،
ئىشلىتىپ ئەقلىنى - پاراستىنى...
ياڭراتتى كەڭ زالنى گۈلدۈرمامىدەك،
كۆپچىلىك ئالقىشى - چاۋاك ساداسى.
بۇ ئىدى تالانتلىق ئارتىستقا بەرگەن
خەلقنىڭ ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەت باھاسى.
بار ئىدى بۇ زالدا ئالدىنقى رەتتە،
ئۆتكەنكى مېھمانلار - ئىلىدىن كەلگەن.
زىكرىنىڭ مۇقامى، ناخشىلىرىنى،
زوق بىلەن بىرمۇنە- بىر ئورۇنلاپ بەرگەن.
ئەنە شۇ مېھمانلار كۆرۈپ ئويۇننى،
ھەممىدىن ئۆزگىچە بولۇشتى خۇشال.
لۇتپۇللا - ئىمانى بۇ كارامەت تالانت،
ئۇلارنى ئېخىمۇ قىلدى ھەيران - لال.
ئۇ ئىدى ئاپتورى «تاھىر - زۆھرە» نىڭ،
ھەر شېئىر، ھەر بىر سۆز بىباھا گۆھەر.
يېزىلغان ئىنتايىن ماھىر قەلەمدە،
چولپاندەك چاقنىغان بۇ نادىر ئەسەر.
بۇ گۈزەل ئەسەرگە ئېسىل ئاھاڭلار،
ياراشقان شۇ قەدەر نۇرغا نۇر قاتقان.
تېكىستى غول بولسا ئاھاڭلار ياپراق،

ئىككىسى بىرلىشىپ گۈل - چېچەك ئاتقان.
ئاھاڭلار ئۆز ئىدى مېھمانلار ئۈچۈن،
«دو - رې»دىن ئاخىرى «سو - لا»① غا قەدەر.
ھېلىقى سازەندە چالغان ئۇلارنى،
ئۇ ئىدى ئون كۈندىن ئالدىنقى سەھەر.
ئۆتمەستىن ئارىدىن تېخى كۆپ ئۇزاق،
ئاھاڭلار ئاپتوجاي يېڭى ئەسەردىن.
ئىلى سەھنىسىدە ياڭرىغان كۈيلەر،
ياڭراپتۇ بۈگۈنكى سەھنە - مۇنبەردىن...
مېھمانلار مانا بۇ ھەيرانلىقىنى،
ئېيتىشتى شائىرغا ئويۇندىن كېيىن.
سۆزلىدى لۇتپۇللا: «قەيسەر سەيياھقا،
داۋانلار ھالقىماق ئەمەستۇر قىيىن.
زىكرىنىڭ ناخشىسى - مۇزىكىسىنىڭ،
مەن ئىدىم ئەزەلدىن شەيدا - خۇشتارى.
قوزغىدى ئەشۇ كۈن ئوتلۇق ئىشتىياق،
يېڭى بىر ئىلھامنى مەندە «رۇخسارى».
شۇڭلاشقا ئەسەرنىڭ مۇزىكىسىغا،
مەن ئالدىم ئۇنىڭدىن ئەندىزە - ئۈلگە.
ئىككىسى بىرلىشىپ (سىلەر ئېيتقاندەك)،
ئايلاندى ئوپېرا چىرايلىق گۈلگە.
يازسامۇ ئەسەرنىڭ تېكىستىنى مەن،
مۇزىكا ئاپتورى يەنىلا زىكرى.
تېكىستقا جان بەرگەن، گۈزەللىك بەرگەن،
زىكرىنىڭ ئىجادىي مۇزىكا پىكرى.
تېكىستلار تەن بولسا مۇزىكىلار قان،
ئىككىسى جەم بولسا ئەسەر تاپار جان.
شۇڭلاشقا شائىرلار، كومپوزىتورلار،
ئىجادىي مېھنەتتە قوشكېزەك - تۇغقان.
ئىككىسى بىرلىشىپ غايە - مەقسەتتە،
جاپالىق ئىزدىنىپ تىرىشسا ئەگەر؛
ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن كېلۇر ئالەمگە،
قۇياشتەك نۇر چاچقان مەڭگۈلۈك ئەسەر...»
لۇتپۇللا سۆزىدىن ھەركىم قايىلدە،

① نوتا بەلگىلىرى

ئۆرلىدى دېڭىزدەك ھېسسىيات دولقۇنى.
ئۇلۇغۋار ئۈمىدنىڭ ئۇچقۇنلىرىدىن،
كۆرۈندى ئەتىنىڭ كۈچلۈك يالقۇنى.

## 4 - باپ

## چال، سازەندە!

مېھمانلار يانماقچى ئىلىغا ئەتە،
يانماقچى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا.
تۇرغاندۇ ئۆي ئىچى، دوست - يارەنلىرى،
ئىنتىزار كۆز تىكىپ ئۇلار يولىغا.
مېھمانلار يانماقچى، لېكىن لۇتپۇللا
قالىدۇ بۇ يەردە - چەت خىلۋەت جايدا،
تۇرنىلار يانغاندەك ئۆز يۇرتىغا ئۇ
قايتاركىن قايسى كۈن ۋە قايسى ئايدا؟
تۇرغاندۇ ئۇنىمۇ ئاتا - ئانىسى،
سېغىنىپ، زارىقىپ كۈتۈپ ئىنتىزار.
گەر بولسا ۋىسالنىڭ ئىمكان - چارىسى،
قىلامدۇ ھىجراننى بىر كىم ئىختىيار؟
لۇتپۇللا بىلىدۇ ئۇنى بۇ يەرگە،
ھەيدىگەن گومىنداڭ سۈرگۈندەك پالاپ.
ئىز پۇراپ قاتىرىغان ئاپشاركىلاردەك،
يۈرىدۇ جاسۇسلار قەدەمدە پايلاپ.
ئۇ گويا قەپەزگە سولانغان بۈركۈت،
يوق ئامال كەڭ كۆكتە قانات قاققىلى.
يوق ئامال دۈشمەننى قارىغا ئېلىپ،
ئىلقىنىڭ تېگىدا مىلتىق ئاتقىلى.
ۋە لېكىن، ئازادلىق كۈرەش يولىدا،
جەڭگاھتۇر ھەممە يەر قەيسەر جەڭچىگە.
گەر بولسا زەررىچە ھاياتلىق نۇرى،
ئاتايدۇ شۇ نۇرنى باتۇر خەلقىگە.
شۇڭلاشقا لۇتپۇللا يىراق ئاقسۇدا،
تۇرماقتا ياۋ بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ.
شىددەتلىك كۈرەشتە ئۆتكۈزمەكتە ئۇ،
كۈننى ئاي ئەمەس يىلغا تەڭ قىلىپ.

ئۆتكەن كەچ ئوينالغان «تاھىر — زۆھرە» مۇ،
ئەنە شۇ چېلىشنىڭ يېڭى بەلگىسى،
ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن ئۆتمۈشلا ئەمەس،

سۆزلەنگەن بۈگۈن ھەم پارلاق كەلگۈسى.
رىۋايەت — چۆچەكنى رېئال تۇرمۇشقا —
بۈگۈنگە تەتبىقلاش ئەلۋەتتە مۇشكۇل.

تەقلىلەش كۈچەيگەن بۇ ئىجاد پەيتتە،
بۇ ئىدى بىردىن — بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.
شۇڭلاشقا بۇ ئويۇن ياقتى خەلققە،

ياققاندەك كېسەلگە شىپالىق دورا،
ئويغاتتى غايىلىنى، يورۇق ئاسماندا
قاراسلاپ چېقىلغان چاقماقتەك گويا.

ئاپىرىن ئوقىدى تاماشىبىنلار،
ئالقىشلاپ ئويۇننىڭ غەلىبىسىنى.
كۆردى ئۆز كۆزىدە قەدىمىي ئاقسۇ،

كۈرەشنىڭ يېڭى بىر تەنتەنىسىنى . . .
شۇلارنى ئويلىغان چاغدا لۇتپۇللا،
ئەسلىدى زىكرىنى — ئۇنىڭ ئەجرىنى.

سېغىنىش ئىلكىدە ئۆرلەپ ھاياجان،
قاپلىدى شېئىرىي ھىسسىيات قەلبىنى.
ئۇ، شۇڭغۇپ تەپەككۇر دېڭىزى ئارا،

ئىزلىدى سۆزلەردىن جەۋھەرنى — دۇرنى.
ئىزلىدى چاچسۇن دەپ ئالەمدە مەڭگۈ،
بۇ دۇرلار رەڭمۇ — رەڭ جىلۋىدار نۇرنى.

لۇتپۇللا قولىغا ئالدى قەلەمنى،
دىلىدا جوش ئۇرۇپ شۇ يۈكسەك ئارزۇ.
يازدى ئۇ، زوق بىلەن «چال، سازەندەم» دەپ،
بۇ بولدى شېئىرغا قويۇلغان ماۋزۇ.

يازدى يانار تاغدەك پارتلاپ ئىلھامى،
بۇ ئىلھام شۇ قەدەر يۈكسەك — مۇقەددەس.
ئەنە شۇ ئىلھامدىن كەلدى ئالەمگە،
مانا بۇ مەڭگۈلۈك ئۇلۇغ مۇخەممەس.

## چال سازەندەم

— مەشھۇر ناخشىلار ئىجاتچىسى ياش سازەندە زىكرى ئەپەندىگە بېغىشلايمەن

چال سازىڭنى زوق بىلەن، تىنماي چال، سازەندەم،
ھەرىكىتىڭ تېتىك، قوللىرىڭ مەجنۇنتال، سازەندەم،
ناخشاڭ شېرىن، تاتلىق سېنىڭ، گوياكى بال، سازەندەم،
ياشلىقىڭنىڭ زىلۋا چېغىدا، ئىجاد قىلىپ قال، سازەندەم،
بۇ مۇخەممەس شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىرسال، سازەندەم.

ئىجاد قىل ۋۇجۇدۇڭدا بار ئوبدان غەزەلنى،
كۈرەشچان سەنئەت مەيدانىدا باغلىغىن بەلنى،
سازلىرىڭ روھى بىلەن راست سۇغارغىن ئەلنى،
سەنئەتتىن مەۋجۇد قىل دولقۇنلۇق سەلنى،
شادىمان ھاياتىڭ قوينىدا ئوبدان ئەھۋال، سازەندەم.

بۇ ۋەتەندە جاراڭلىسۇن نەغمەڭ ساداسى،
ھاۋالارغا ئۆرلەپ كەتسۇن مۇڭلۇق ناۋاسى،
تەسەددۇق خويىما كەڭ گۈزەللىك دۇنياسى،
كونا مۇقاملار لەززىتىنىڭ ئەڭ چوڭ باباسى،
ئۆسۈش، ئىجاد، يۈكسىلىشكە ئېلىپ ئامال، سازەندەم.

بىھۇدە ياد كىرلەرنى تازىلىغاي ئىسىل سەنئەت،
ئىنكاسىدۇر ھاياتىڭ، جان ئۈچۈن لەززەت،
ئىلھام بېرىپ ۋىجدانىغا، تەۋرەتسۇن خىسلەت،
سازەندىنىڭ قولىغا بەرمىسۇن ھېچ دەرت،
كۆڭۈل مەيلىنى سازىڭ ئىشقى قىلسۇن ئىشغال،
سازەندەم.

مۇقام — سەنەم، سەن بول بىر ئاشىق غېرىب،
ئۇچرىشىشقا ئالدىدا ۋۇجۇدۇڭ بېرىلىپ،
مۇھەببەتىڭ مەنزىلىدە يۈر كۆكرەك كېرىپ،
ھەر قەدەمگە ئۈنچە — مارجان، ياقۇتلار تېرىپ،
شانۇ — شەۋكەت زېمىنىدا ئۆستۈر نىھال، سازەندەم.

ۋەتەن، خەلق ئۈچۈندۇر دائىم بىزنىڭ ئىشىمىز،
ئازاد تۇرمۇش ئاشىنىسى بولدى ھەر بىر كىشىمىز،
زور مەقسەدلەر يولىدا بىزنىڭ ئوي ھەم پىكرىمىز،
ئىجاد ئېتمىشتۇر ھارماي يېپ — يېڭىنى زىكرىمىز،
قوبۇل ئەيلە شېئىرىمنى، سىز بىمالال، سازەندەم.

يازدى بۇ شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا:
«لۇتپۇللا مۇتەللىپ» دېگەن ئىسمىنى؛
بىر مىڭ توققۇز يۈز قىرىق تۆتىنچى
يىلىنىڭ سېنتەبىر دېگەن ئېيىنى.

لۇتپۇللا شېئىرنى سالدى كونۇپرتقا،
يېزىلدى ئادرېسى ئېنىق ۋە ئوچۇق:
«ئىلى سانائى نەفىسەدىكى
زىكرى ئەپەندىگە» دېگەن سۆز تولۇق.
شۇندىلا ئۇ مەمنۇن بولدى ئىشىدىن،
ئويىنىدى يۈزىدە شادلىق چىلۋىسى:
نەقەدەر ئۇلۇغ سەن، نەقەدەر گۈزەل،
مەڭگۈلۈك دوستلۇقنىڭ سۆيگۈ رىشتىسى!
ھە، ئەتە كارۋانلار بىلەن بۇ خەتمۇ
چىقىدۇ سەپەرگە، مەنزىللەر يىراق.
يولدا بار تونۇردەك قىزىغان ئاپتاب،
يولدا بار سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك سوغاق.
غېرىبنىڭ يولىنى باغلىغان تاغلار،
بۆرىدەك ھۇۋلاتسا شىۋىرغىنىنى؛
تۆكىدۇ يايلاقلار تاگدىن - كەچكىچە،
تۆكىدۇ سىمىلداپ ئاق يېغىنىنى.
تەشنالىق قىينىسا گىياسىز دەشتتە،
داۋاندا قىسىدۇ گالنى نەپەس - دەم.
مۇزلۇق ھاڭ ئىچ كۆردەك ئېچىپ ئاغزىنى،
ئەجەل دەھشىتىنى چىللايدۇ ھەر دەم.
بۇ يوللار ئەشۇنداق جاپالىق يوللار،
ۋە لېكىن ئادەملەر مۇستەھكەم، قەيسەر.
ئەنە شۇ ئادەملەر بىلەن بۇ خەتمۇ
بارىدۇ شۇ يىراق ئىلىغا قەدەر.
لۇتپۇللا خىيالى قىلماقتا پەرۋاز،
كەزمەكتە ئىلىنىڭ كەڭ ۋادىسىنى.
كۆردى ئۇ: شادلاندى قەدىناس زىكرى
تونۇپ ئۆز دوستىنىڭ قولىيازمىسىنى.
مانا ئۇ يۈزلەندى ئاقسۇ تەرەپكە،
لۇتپۇللا چېھرىنى كۆرگەندەك بولدى.
ئوقۇپ مۇخەممەسنى، ئۇرغۇپ ئىلھامى،
يېقىملىق، بەختىيار كۈلگەندەك بولدى.
ھە، مانا، ئىككىسى كۆرۈشتى دىدار،
ۋىسال قۇچاق ئاچتى، تۈگىدى ھىجران.
ئۈچۈقتى قارا تۈن، باقتى ئۇلارغا
يىللىق كۈلۈمسىرەپ قۇياشلىق دەۋران،
ئىككىسى دەرقەمدە قىلىشتى ئىجاد،
ياراتدى يەنە بىر يېڭى «رۇخسارى».
بۇ دوستلۇق داستانى - ئۆلمەس مۇقامغا
ئېيتماقتا ئاپىرىن ۋەتەن - دىيارى! ...

## خاتىمە

تىرىك بىر شاھىدى ئۆز زامانىنىڭ،
مانا بۇ قىسسىنى سۆزلىدى ماڭا.
قانداقچە ئاڭلىغان بولسام مەن ئۇنى،
كىتابىخان، ئەينىچە يەتكۈزدۈم ساڭا.
ئاھ ... ئىسسىت، لۇتپۇللا كەتتى ئالەمدىن،
بولمىدى كۆرۈشۈش مەن ئۈچۈن نېسىپ.
شۇندىمۇ، زىكرىگە بولدۇم زاماندash،
جاپالىق يوللارنى ئۆتتۈم تەڭ بېسىپ.
ئۇزاتتۇق بىرلىكتە (ئاكا - ئۇكىدەك)،
بۇ چەكلىك ئۆمۈرنىڭ نەچچە يىلىنى.
ھەقلىقمەن ئېيتىشقا: ئۇ ئېسىل ئىنسان،
گۈل بىلەن تولدۇرغان ھايات يولىنى.
ئاڭلايمەن مەدھىيە زىكرى ھەققىدە،
ھەر يەردە بار ئۇنىڭ يۈكسەك تەرىپى،
ئەجرىدىن يارالغان مۇقام، ناخشىلار،
ئەمەسمۇ ۋەتىنىنىڭ شانۇ - شەرىپى؟!
ئىنسانغا ھەممىدىن قىممەتلىك ھايات،
ھاياتتىن قىممەتلىك كەشپىيات - ئىجاد؛
ئىجادتىن قىممەتلىك، خەلق قەلبىدە
قالدۇرماق ياخشى ئات - ياخشى تەسىرات.
چىققاچقا زىكرى بۇ تەلەپ ئەھدىدىن،
مول مېۋە بەرگەچكە ھالال ئەجرىدىن؛
مانا بۇ تالانتلىق ئالتۇن ئوغلىنى
ياغماقتا تەشەككۈر ۋەتەن - خەلقىدىن.

1986 - يىلى، مارت، ئۈرۈمچى




ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

بۇ ماقالىمىزنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئالدىنقى ساندا ئېلان قىلىنغان قىسمىدا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۆمرە ھەج قىلىش، دوستلۇق زىيارىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پاكىستاندىكى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە، مەدىنە قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە يازغان ئىدۇق، ئەمدى مەلۇم بولغايكى، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئولتۇرغان «AYRBOS 300A 26» تىپلىق ئايروپىلان 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايى مەدىنە شەھىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۇچقاندىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پايتەختى — رىياد شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بىز «KontinIntnintal» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، زىيارەت ۋە ئېكىسكۇرسىيە پائالىيەتلىرىمىزگە كىرىشىپ كەتتۇق.

رىياد — پايتەخت بولۇش سۈپىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىقتىساد، پەن- مەدەنىيەت، دىن، قۇرۇلۇش سەۋىيىسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن شەھەر ئىكەن. بىز بۇ شەھەردە تۇرغان ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە تەكلىپكە بىنائەن مەرھۇم پادىشاھ ئابدۇل ئەزىزنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدىغان خەلقئارالىق يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتۇق، بۇ يىغىندا ھازىرقى پادىشاھ پەھەدنىڭ نۇتقىنى ۋە بىر قانچە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئاڭلىدۇق. پادىشاھلىق (پايىتال نامىدىكى) دوختۇرخانىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. شەھەر رايونىدىكى دىرويا قەدىمىي شەھىرىگە بېرىپ، 200 يىلدىن بۇرۇنقى شەھەر قەلئەسىنى، پادىشاھنىڭ قەدىم جايىنى زىيارەت قىلدۇق، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ باش مۇپتىسى شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن بازنىڭ قوبۇلىدا ۋە خۇسۇسىي زىياپىتىدە بولدۇق.




رىيادتىكى زىيارىتىمىزدىن كېيىن بۇ مەملىكەتنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان مۇھىم نېفىت سانائىتى بازىلىرى — زەھران، دامام، خۇبار قاتارلىق شەھەرلەردە بولدۇق. نېفىت ئىشلەپچىقىرى-

رىنى، ئېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى، مۇھىم شىركەتلەرنى كۆردۇق. پادىشاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەدبىن پەھەد شاھزادىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق.

بىز مەككىدە تۇرغان كۈنلەردە ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا توغرا كەلمىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز زەھراندىن مەككىگە كەلدۇق ۋە جۈمە نامىزى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كىرىشنىڭ ئۈنجى بېكىتى بولغان جىددە شەھىرىگە قايتتۇق. جىددە شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە ۋە يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن شەھەرلەردە بولغان ۋاقتىمىزدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمىز ھەققىدە ئومۇمىي تەسىراتلار قىسمىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 5 - سەئۇدى ئەرەبىستانىدا دىن

سەئۇدى ئەرەبىستانى — ئىسلام دىنىي دۇنياغا كەلگەن جاي. مەن ئۇيەرگە بېرىشتىن بۇرۇن سەئۇدى ئەرەبىستانىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلار بىلەن تولغان، ھەممىلا كىشى ئەتتىگەندىن كەچكىچە تائەت - ئىبادەتتە بولىدىغان، مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان مەملىكەت سۈرىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. پەقەت مەنلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن كىشىلەردىن ئەنە شۇنداق سۈپەتلەشلەرنى ئاڭلىغانىدىم. قىسقىسى، مەن بىلىدىغان ئىسلام قائىدىلىرىنى ئۇيەردە بىر قانچە ھەسسە كۆپەيتۈرۈلگەن قىياپەتتە قىياس قىلاتتىم. ئىككى ھەپتىلىك زىيارەت داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇرۇنقى قاراشلىرىمنىڭ بەزىلىرى ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەسكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئىسلام دىنىي، مەملىكەتنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە باشقۇرۇش، بەش پەرزنى ئادا قىلىش، مۇھىم دىنىي بايرام ۋە مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىدىلا چەكلەنسە كېرەك. گەرچە دىنىي ئەقىدىلەر كىشىلەرنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئارتۇقچە يۈك ھېسابلىنىدىغان، دىنىي قائىدىلەردە كۆرسىتىلمىگەن پائالىيەتلەر مەجبۇرىيەتنىڭ سىرتىدا ئىكەن.

مەسىلەن: ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى بولغان نامازنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ناماز ۋاقتىدا يۇقىرى ۋاتلىق كانايلاردا تۇۋلىنىدىغان ئەزان ئاۋازى ھەممىلا يەردە ياڭراپ كېتىدىكەن. ھېچكىممۇ بۇيەردىكىدەك ئەزان تۇۋلىنىۋاتقاندا تۇرغان جايىدا توختاپ تۇرۇپ، گەپ قىلىشماسلىق، ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن قوزغىلىش دېگەن پەتىۋاغا ئەمەل قىلمايدىكەن. مىڭلىغان ماشىنىلار چوڭ مەسچىتلەرگە قاراپ ئاقىدىكەن. ئالىملار، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، سودىگەرلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەبىقىسىدىكىلەر ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان مەسچىتلەرگە يېتىپ كېلىشىدىكەن. ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئېيتقىنىمىزدەك تۈپ - تۈز سەپ راسلاپ تۇرغىنىچە ناماز پەرزىنىلا ئوقۇيدىكەن - دە، مەسچىتتىن چىقىپ ئۆز ئىشلىرىغا ئالدىرىشىدىكەن. نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىدىغانلارمۇ ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىكەن. ئومۇمەن ئالغاندا، بەش ۋاخ نامازنى قالدۇرماي ئۆتەيدىكەن ھەم ۋاقىت تېجەشكىمۇ دىققەت قىلىدىكەن. بىراق بىزدە بولسا نامازنىڭ پەرزىدىن ئۆزگە سۈننەت ۋە ۋاجىپلىرىنى، ھەتتا تەھىيەلەرنى قويماي ئۆتىمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئىمامنىڭ تۈگىمەس ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

زىيارەت داۋامىدا بىز سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا بولدۇق. نۇرغۇن ئىسلام يادىكارلىقلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بىراق ھېچ بىر يەردە مازار كۆرمىدۇق. بۇ ھال بىزدىكى مازارلارنىڭ تولىلىقى ۋە ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى. ھەتتا ئوھۇد جېڭىدە

شەھەر بولغانلارمۇ، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئادەتتىكى يەرلەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى باشقا جايلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا پاكار توپا تام ياكى رىشاتكا بىلەن توسۇپ قويۇلۇپتۇ. گۆر ئۈستىگە قەبرە قاتۇرۇلماپتۇ، ھەتتا خادىمۇ تىكلەنمەپتۇ. بىزگە ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مازار تىكلەش ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ قائىدىلىرىگە خىلاپ ئىكەن. شۇڭا پۈتكۈل سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەسىدە بىرەرمۇ مازار يوق ئىكەن. مۇشتەرىلەرگە مەلۇمكى، بىزدە بولسا ئەھۋال باشقىچە، بىزنىڭ ئۇرغۇن مازارلىرىمىز دۆلەت تەرىپىدىن ئاسارە - ئەتىقىلەر سۈپىتىدە ئۇقتىلىق قوغدىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەشۇ مازار قۇرۇلۇشلىرىنى بىر مەدەنىي يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىراق، مازار تاۋاپى ئۈچۈن ئۇرغۇن ۋاقىتنىڭ، ئىقتىسادنىڭ، قاتناش كۈچىنىڭ بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى، ھەتتا تاۋاپچىلار سېپىگە ياشلارنىڭمۇ قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مازار پەرەسلىكنىڭ ئىسلام دىنى قائىدىلىرى بىلەن زىت ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ياشلارغا ئوچۇق ئېيتىش، ئۇلارنى بىھۇدە پائالىيەتلەردىن ئازاد قىلىش، ئۆگىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىش يولىدا نامۇۋاپىق تاۋاپنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن خالاس قىلىش زۆرۈرىيىتى باردەك قىلىدۇ.

بىز مەككە شەھىرىدە يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. بىز كەڭ زال ئىچىدە تۇرغىنىمىزدا نامازغا ئەزان چىقتى. شۇ چاغدا قوللىرىغا يېرىم مېتىر كەلگۈدەك ئۇزۇنلۇقتىكى تاياق تۇتۇۋالغان ئىككى كىشىنىڭ سودىگەرلەرنى ۋە خېرىدارلارنى نامازغا دەۋەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئەرەبىستاندا نامازغا دەۋەت قىلىدىغان مەخسۇس ئادەملەر قويۇلغىنىغا قارىغاندا، نامازغا بارمايدىغانلارمۇ بار ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم ۋە بىزگە ھەمراھ بولۇۋاتقانلاردىن بۇ ھەقتە سورىدىم. ئۇلار نامازغا ئۆزلۈكىدىن بارمايدىغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاز بىر قىسىم كىشىلەر نامازدىن قالسا ۋە بۇ ئەھۋال سېزىلسە بىزدىكى مەھەللە كومىتېتىغا تەڭ كېلىدىغان بىر ئورگان تەرىپىدىن چاقىرتىۋېلىنىدىكەن ۋە نامازنى قالدۇرغانلارغا تەربىيە بېرىلىدىكەن. تەربىيىنى ئاڭلىماي، يەنە ناماز قالدۇرسا، مەلۇم دىنىي تەنبىھقە ئۇچرىتىلىدىكەن، ئۆز - ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، ئەرەبىستاندا ناماز قالدۇرۇش ۋە ناماز قالدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھادىسىلىرى مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇد ئىكەن.

بىزگە زىيارەتلەردە ۋە ئادەتتىكى مېھماندارچىلىقتا ئۇرغۇن مەشھۇر زاتلار، ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئادەتتىكى شەخسلەر بىلەن بىللە بولۇشقا توغرا كەلدى. تاماقتىن بۇرۇن ۋە تاماقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرەر سۆز قىلمىغانلىقى ياكى دۇئاغا قول كۆتەرمىگەنلىكى بىزگە بىر يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى. بىزنىڭ تاماقتىن بۇرۇن بىسمىللانى تەكرارلاپ، تاماقتىن كېيىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان دۇئا قىلىشلىرىمىز سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان قائىدىمۇ ياكى بىز ئۆزىمىز قوشۇۋالغان قائىدىمۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش قىيىن. بىراق، ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىدە ياشاۋاتقانلارنى دىنغا خىلاپ ئىش قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلەش ئورۇنلۇق بولمىسا كېرەك.

بىز زىيارەت داۋامىدا سۈرە ئوقۇپ ئولتۇرۇپ كىشىلەردىن بىر نېمە تىلەۋاتقان تىلەمچىلەرنى كۆرمىدۇق. شۇنىسى ئېنىقكى، سىنىپ ۋە قاتلاملار بىر قەدەر روشەن بولغان، بايلىق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىغا ھەددىدىن زىيادە توپلانغان سەئۇدى ئەرەبىستانىدا كەمبەغەللەرنىڭ، پېقىرلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە خەيرى ساخاۋەت ئورگانلىرىنىڭ بۇنداق پې-

قىلارغا مەلۇم دەرىجىدە ياردىمى بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيىسى ئادەتتىكە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ جايدا ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلىدىغانلار يەنىلا بار ئىكەن. بىراق، ئۇلار ئىمانىنى ئاقچىغا ئايلاندۇرۇشتىن خالىي ئىكەن.

بىر كۈنى بىز مەككىدىكى ھەرەمگە پېشىن نامىزىغا باردۇق ۋە 2- قەۋەتتە ناماز ئوقۇپ بولۇپ بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ پەلەمپەيدە ئازراق ئارام ئالدۇق. شۇ چاغدا كۆزۈم نامازخانلارنىڭ ئەڭ كەينىدىكى سەپتە ئولتۇرغان ئونىغا يېقىن كىشىگە چۈشتى. نامازدىن قايتىۋاتقانلار ئۇلارغا بىر رىيالدىن بەش رىيالغىچە (بىر رىيال خەلق پۇلىغا تەخمىنەن 0.9 يۈەنگە توغرا كېلىدۇ) پۇلنى ھېچ دەبدەبىسىزلا بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئالغۇچىلارمۇ پۇل بەرگۈچىلەر ھەققىدە دۇئا قىلمىدى. بۇ ھال مەندە پۇل- پۇچەككە ئېھتىياجلىقلار ئەشۇ ئاخىرقى سەپتە ئولتۇرسا كېرەك، دېگەن قاراشنى پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق سىپايە تىلەمچىلەر سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلار ياكى باشقا مەملىكەتتىن كەلگەنلەر ئىكەنلىكى نائېنىق بولسىمۇ، باشقىلارغا ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ دۇئا تاماسىدا ياردەم قىلمايدىغانلىقى، ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئىمانىنى پۇلغا سېتىش كويىدا ئەمەسلىكى، خالىسلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەسچىتلەرنىڭ كۆركەملىكى ۋە نەپىسلىكى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. چوڭ- كىچىك مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قىممەت باھالىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاۋاز كۈچەيتكۈچى ئاپپاراتلار ئىشلىتىلىدىكەن. بىزگە ھەمراھ بولغان رەھمەتۇللا ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بىرەر ئورۇنغا زاۋۇت، مەكتەپ، ماگازىن ياكى پەن تەتقىقات ئورنى سېلىنماقچى بولسا، بۇنداق قۇرۇلۇشلار تۈركۈمى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن لايىھەلىنىدىغىنى ۋە ئەڭ بۇرۇن پۈتتۈرۈلىدىغىنى- مەسچىت ئىكەن. نامازخانلارنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئېھتىياجىنى ھېسابقا ئېلىپ بىرەر مەسچىتلىك جامائەت بارلا يەرگە بىر مەسچىت سېلىنىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھەج ئىشلىرى كومىتېتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كومىتېت بولۇپ، بۇ كومىتېت ھەج ئىشلىرىغا ئائىت ھەممە ئىشلارنى بېجىرىدىكەن. ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن.

مەسىلەن: ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ساپا- مەرۋە تاغلىرى ئارىسىدا يۈگۈرەش خېلى چوڭ غەيرەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر زۆرۈرىيەت بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسى ئادەتتىكى يول ئىكەن. ھازىر بولسا 700- 800 مېتىر كېلىدىغان بۇ ئارىلىق ھەشەمەتلىك كارىدورنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ تېگىگە مەرمەر ياتقۇزۇلۇپتۇ. تېنى ئاجىزلار ۋە ياشانغانلار ئۈچۈن يول ئوتتۇرىسىدا رېشاتكا بىلەن ئايرىۋېتىلگەن تار يول ياسىلىپتۇ. بۇ يولدا ئاجىزلار ۋە ياشانغانلار مەخسۇس ياسالغان قول ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، مەخسۇس كىشىلەر تەرىپىدىن ئىتتىرىپ يۈگۈرۈتىلىدىكەن. ھەج تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ يىلدىن- يىلغا كۆپىيىپ بېرىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ ھازىر مەدىنىدىكى چوڭ مەسچىت كېڭەيتىپ قۇرۇلۇۋېتىپتۇ ۋە مەسچىت سىرتىغا چىرايلىق لاپاسلار ياسىلىپتۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى زامان پەن- تېخنىكىسىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا كەڭ قوللىنىلىشقا ۋە ئىلىم- پەن ئۇچۇرلىرىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى قايتا چۈشەندۈرۈشكە ۋە ئىزاھلاشقا توغرا كەلگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبىستان باش مۇپتىخانىسىنىڭ قارمىقىدا ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە مەشھۇر دىنىي زىيالىلاردىن تەركىب تاپقان بىر مەخسۇس مەھكىمە- پەتىۋا مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. بۇ مەھكىمىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ھازىرقى

زامان پەن - تېخنىكىسى ۋە دىنىي قائىدىلەرنىڭ زىددىيەتلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە پەتىۋا چىقىرىش ئىمكەن. مەسىلەن: بەزىلەر ئىسلام دىنىدا پەرزەنتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىككى جىنسىستىكىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق بولىدۇ، دېيىلگەن. بىراق ھازىر دۇنيادا تەجرىبە نەيچىسىدە ئۆستۈرۈلگەن بوۋاق دۇنياغا كەلدى، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، دېگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1985- يىلى 6- ئاينىڭ 17- كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستان شاھزادىسى ئامېرىكىنىڭ ئالەم ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ كائىناتقا سەپەر قىلغاندا، بەزىلەر بۇ ئىشنىڭ دىن ئاساسلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىر قاراشقا كېلەلمىگەن. پەتىۋا مەھكىمىسى يۇقىرىقى مەسىلىلەر توغرىسىدا پەتىۋا چىقارغان ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى بۇ پەتىۋا بويىچە كۆز قاراشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەم مەسىلىگە شۇنداق قارىغان. بۇنداق پەتىۋالار گەرچە پەننى ئاساسلارنى دىنىي قائىدىلەر بىلەن دەلىللەش ئاساسىدا چىقىرىلغان، بىرچە ئېيتقاندا، روشەن ئىدىئالىستىك قاراش بولسىمۇ جامائەت پىكرىنى ۋاقتىنچە بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىغان.

كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇمكى، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياشىغۇچى ئەرەبلەر بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنى ئورتاق بىر دىن، يەنە كېلىپ ئوخشاش بىر مەزھەپ. ئەمما بۇ ئىككى مەملىكەتتە ياشىغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ دىننى چۈشىنىش ۋە دىنىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش تەرەپلىرىدە زور ئوخشىماسلىقلارنىڭ بولۇشى ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە. مەن ئەلۋەتتە دىننى پەدەزلەش ۋە پەن بىلەن دىننى ياراشتۇرۇش قارىشىدا ئەمەسمەن. بىراق ئىسلام دىنىنىڭ خۇراپىي تۈسىنى ئاشۇرىدىغان ھەر قانداق ئورۇنسىز پەتىۋالارنىڭ، يەرلىك قائىدىلەرنىڭ ئارتۇقچە پائالىيەتلەرنىڭ دىنغىمۇ، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلىش نىيىتىدىمەن.

## 6 - سەئۇدى ئەرەبىستاندا پەن

سەئۇدى ئەرەبىستاندا نۆۋەتتە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىلىم - پەننى ئىگىلەش، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىۋېتىپتۇ ۋە خېلى ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىپتۇ. بىز نۇرغۇن سورۇنلاردا ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ياشلارنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. گەرچە ئۇلار پەن بىلەن دىننىڭ يىلتىزى بىر دەپ ھېسابلاشنى، پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە دىندىن ئاساس تېپىشنى ئۆز سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مۇقامى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىشنىڭ بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ يۈكسىلىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن زىچ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىكەن.

نەشرىيات ئورگانلىرىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى بېسىپ تارقىتىشتىن ئۆزگە، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كىتابلىرىنىمۇ كەڭ تارقىتىدىغانلىقى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەردە دىنىي دەرسلەر بىلەن بىللە پەننىي دەرسلەرمۇ زور ئېتىبارغا ئېرىشىدىغانلىقى مائارىپ ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەبلەغنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

چوڭلار مائارىپى مەسىلىسى ھازىر 3 - دۇنيا ئەللىرىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. 2 - جاھان ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا زور نېفىت بايلىقى بايقالماستىن بۇرۇن سەئۇدى ئەرەبىستانى ئاھالىسىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ۋە پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ خېلى تۆ-

ۋەنلىكى كىتابخانىلارغا ئائىدلىق. شۇ سەۋەپتىن ماتارىپ ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىكەن.
1970 - يىللىرى ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستان ئاھالىسىنىڭ 75 پىرسەنتى سا-
ۋاتسىز ئىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، 70 - يىللاردىلا ساۋاتسىزلىقنى تۈگى-
تىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتكەن. 1972 - يىلى چوڭلار ماتارىپى قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىپ
ئېلان قىلغان. ئارقىدىنلا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ 20 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. 1975 -
يىلدىن 1995 - يىلغىچە ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنغان بۇ پىلاننىڭ ئاخىرقى مەقسىتى 1995 - يىلى
ساۋاتسىزلىقنى مەملىكەت مىقياسىدا تۈگىتىش ئىكەن. ئۇلار 1981 يىلىغا كەلگىچە چوڭ ياشلىقلار
ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەكتىپىدىن 2792 نى قۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار يەنە ئوقۇش يېشى-
دىكىلەر ماتارىپى ئۈچۈن ئاز بولمىغان مەبلەغ سېلىپ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىغان.

بىز زىيارەت داۋامىدا باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە زىيارەتتە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە
بولالمىدۇق. بىراق كۆرگەن ۋە ئەھۋالى بىلەن تەپسىلىي تونۇشقان ئالىي مەكتەپلىرىمىز ئاز بولمىدى.

بىز مۇھىم نېفىت بازىسى بولغان زەھران شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە زەھران نېفىت ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇ - ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتى بىر گەۋدە
قىلىنغان ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېت قارمىقىدا يەتتە ئىنستىتۇت بار ئىكەن. بۇ
ئىنستىتۇتلاردا 700 نەپەر دوكتور ۋە پىروفېسسور ئىشلەيدىكەن. غەرب ئەللىرى ئالىي مەكتەپلىرىدە
قوللىنىدىغان ئوقۇش ئۆلچىمى بويىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئاڭ
زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر، ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ تېز ھېسابلايدىغان ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنى-
لىرى بىلەن قوراللاندۇرۇلۇپتۇ. بۇ مەكتەپ يەنە جەمئىيەت پەن - تېخنىكا بۆلۈملىرىنى قوبۇل
قىلىپ، مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت داۋالىسىدىن كىرگەن كىرىم
بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر قىسىم خىراجىتىنى ھەل قىلىۋالىدىكەن.

ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زور ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە پەن - تەتقىقات قوشۇنى يېتىش-
تۈرۈلۈپتۇ. چەت ئەل پەن - تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىشنىمۇ قولدىن بەرمەپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدار-
لىق كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسەن مۇنداق ئىككى يول بىلەن، يەنى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى
چىقىرىش ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى يۇقىرى مائاش بەدىلىگە تەكلىپ قىلىپ ئۆز كىشىلىرىنى
تەربىيىلەش يولى بىلەن ھەل قىلىۋاتسا كېرەك.

سەئۇدى ئەرەبىستانى زور ھەجىمدىكى نېفىت كىرىمىگە
تايانغاندىن باشقا، پەن - تېخنىكىغا ۋە ئىقتىدارلىق خا-
دىملارنى يېتىشتۈرۈشكە تايانغاچقا بۈگۈنكى كۈندە ئۆز قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قى-
لالىغان. مەن بۇ يەردە يۇقىرىقى نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن جىددە شەھىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى-
دىن ئاز - تولا مىسال ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان جىددە شەھىرىنىڭ 2 - جاھان ئۇرۇشى
ئاخىرلاشقان چاغدىكى نوپۇسى ئاران 30 مىڭ ئىكەن. ھازىر بۇ شەھەر 2 مىليون ئاھالىگە ئىگە،
ستېرېئو يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللىرى بار، تۆركۈم - تۆركۈم ئېگىز ئىمارەتلەر قەد كۆ-
تەرگەن بىر شەھەر. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ شەھەردە تېخى ئېلېكتر يوق ئىكەن.
ھەتتا كۆلمۈكلەرمۇ يوق ئىكەن. 1948 - يىلى جىددە شەھىرىدە تۇنجى پىرىستان قۇرۇلغاندىن
كېيىنلا ئاندىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى سېپىللار ئۆرۈۋېتىلگەنىكەن. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن

باشلاپ شەھەر مەمۇرىيىتى بۇ شەھەردە ھازىرقى زامان يېڭى - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوللىنىش-قا باشلىغان. زامانىۋى ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى، زامانىۋى دوختۇرخانىلار بارلىققا كەلگەن. ھازىر شەھەر رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەر خىل سەنئەتلىك ھەيكەللەر 250 دىن ئاشىدىكەن.

جىددە ئايرودرومىمۇ ھازىرقى زامان يېڭى - تېخنىكىسىنىڭ بىر نامايەندىسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دۇنيا بويىچە بارماق بىلەن سانىغىدەك ئايرودروملارنىڭ بىرى بولغان بۇ ئايرود-رومنىڭ تېخنىك ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ بىپايان قۇملۇقتا يەتتە يىل جاپالىق تەر ئاققۇزۇشى نەتىجىسىدە پۈتۈپ چىققان. بۇ ئايرودرومدىكى يول باشلىغۇچى ئەسلىھەلەر قۇم- بوران ئۇچۇپ تۇر-غان يامان ھاۋادىمۇ ئايروپىلانلارنىڭ ھېچ خاتاسىز قونۇشىغا ۋە كۆتۈرۈلۈشىگە قوماندانلىق قىلالاي-دىكەن. ھەر يىلى ھەج ۋاقىتلىرىدا ھەر 30 سېكۇنتتا بىر ئايروپىلان قونۇپ تۇرىدىكەن. بۇ ئايرود-رومنىڭ سىرتتىن قارىماققا ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان بىر كىچىك شەھەرگە ئوخشايدىكەن. ھەرقاي-سى ئايروپىلان ساقلاش زاللىرىغا بارىدىغان كارىدورلاردا سۈنئىي شارقىراتمىلار شارقىراپ تۇرىدىكەن. ئېچىلغان گۈل - گىياھلار، ياپيېشىل دەرەخلەر كىشىلەرگە بىر خىل تەبىئەت تۇيغۇسىنى بېغىشلايدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانىكەن.

بىز زىيارەت داۋامىدا ئاۋۋال مەككە بىلەن تائىف ئارىسىدىكى بىر ھەربىي دوختۇرخانىسى ۋە كېيىن رىيادتىكى پايسال نامىدىكى پادىشاھلىق دوختۇرخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ دوختۇرخا-نىلار ئامېرىكا ۋە گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردە ياسالغان، ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ قىممەت ئۈسكۈنىلەر بىلەن جاھازلانغانىكەن. ئادەم بىۋاسىتە ئىشلەشكە بولمايدىغان تەجرىبىلەر، مەشغۇلاتلار ئونلىغان ماشىنا ئادەملەر بىلەن ئىشلىنىدىكەن. دۇنيادا سانى بەكمۇ ئاز بولغان ئىزوتوپلۇق راداتسىيە بىلەن داۋالاش ئېلىپ بارىدىغان ئۈسكۈنىلەر بۇ دوختۇرخانىدا بىمارلارغا يېڭى ھايات بەخش ئېتىدىكەن. ئامبۇلاتورىيە ۋە كېسەلخانىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىمۇ ناھايىتى نەپىس ماتېرىياللار بىلەن بېزەلگەن. كېسەللەر-نىڭ كارىۋىتى ئۈستىگە ئورنىتىلغان تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىن سېستىرالار بىر قاراپلا كېسەلنىڭ قان بېسىمى، تېمپېراتۇرىسى، ھەتتا يۈرەك سوقۇشى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى بىلەلەيدىكەن. مەركىزى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بۆلۈمىدە بولسا، دوختۇرلار، ۋىراچلار كېسەلگە ۋاسىتە-لىق دىئاگنوز قويالايدىكەن. بۇ دوختۇرخانىلاردا داۋالانغان كېسەللەرنىڭ كېسەل تارىخى ئېلېك-ترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئەستە ساقلاش قىسمىدا ساقلىنىدىكەن. كېسەل تارىخى لازىم بولغاندا بىر - ئىككى كۇنۇپكىنى باسسىلا كېسەل تارىخى تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئەرەب ۋە ئىنگلىز يېزىقلىرىدا پەيدا بولىدىكەن.

بىز يەنە بۇ دوختۇرخانىدا قان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك ماشىنى-لارنىڭ ياردىمىدە قېنىنىڭ ئالماشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. تۇغۇت بۆلۈمىدە ھەتتا ئېغىرلىقى يېرىم كىلوگرام كېلىدىغان، بەش ئايدا تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاقلارنىڭ ئاي قېلىنىۋاتقانلىقى بىزدە ئۇلار-نىڭ مېدىتسىنا سەۋىيىسىگە قىزىقىش پەيدا قىلدى.

ئادەتتە بۇنداق چوڭ دوختۇرخانىلارغا تىك ئۇچار ئايروپىلان سەپلەپ بېرىلىدىكەن. شەھەر ئاھالىلىرىدىن ئۆزگە يېزا - قىشلاقلاردا جىددىي كېسەل بولۇپ قالغانلار بولسا، تېلېفون بېرىلسىلا تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتىلىدىكەن. كىتابخانىلار مۇنداق داۋالاش ئىشلىرىدا بەلكى كېسەل بول-

كۆچى زور ئىقتىسادنى چىقىمغا ئۇچرايدىغاندۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن، بىراق شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىش پۈتۈنلەي ھەقسىز ئىكەن.

بىز رىياد شەھىرىدىن ئايرىلىپ زەھران شەھىرىگە ماڭىدىغان كۈنىمىز چۈش مەزگىلىدە ئۆمىكىمىزدىكى بىر تۈڭگان يولداش تۇيۇقسىز قان قۇسۇپ، يىقىلىپ قالدى. قاننىڭ جىقلىقىدىن ۋە توختىماي ئاقانلىقىدىن قارىغاندا، كېسەل خېلى ئېغىر ئىدى. بىز ئەھۋالنى بىزگە ھەمراھ بولغۇچىلارغا ئېيتقاندىن كېيىن دەرھال ماشىنا يېتىپ كەلدى - دە، كېسەلنى پايسال نامىدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. بىز بولساق ئايرودرومغا چىققاندىن كېيىنلا كېسەلنى يوقلاپ كەلگەن يولداش ئىسمايىل ئەمەت قاتارلىق كىشىلەردىن ھېلىقى تۈڭگان يولداشنىڭ ئاشقازىنىدا ئۆسمە بارلىقىنى، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان ھامان يېرىم سائەت ئىچىدىلا دىئاگنوز قويۇلۇپ ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا ياتقۇزۇلغانلىقىنى ۋە ئوپېراتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ قىسمىتىگە ئىچىمىزنى ئاغرىتتۇق. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا زەھرانغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتۇق. كىم بىلسۇن، زەھرانغا يېتىپ بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا كېسەلگە ھەمراھ بولۇپ قالغان يولداشتىن يولداش ئىسمايىل ئەمەتكە تېلېفون كەلدى. شۇ چاغدىلا بىز كېسەلنىڭ ئوپېراتسىيىدىن خاتىرجەم ئۆتكەنلىكىنى، ئەتىلا كارىۋاتتىن چۈشەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇشتۇق. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كېسەل بىز بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتى ۋە بىز بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. بىز سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىللە بۇ دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلارنىڭ يۈكسەك ئىقتىدارىدىن ھەيران قالدۇق. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، بۇ دوختۇرخانا مەملىكەت بويىچە مەخسۇس قىيىن كېسەللەرنى داۋالايدىغان دوختۇرخانا ئىكەن. مانا مۇشۇنداق چوڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان، مېدىتسىنا ئىلمى بويىچە يۇقىرى ئۇنۋانى بولغان دوختۇرلار، پەن تەتقىقات ۋە ئەسلىھەلەردە ئىشلەيدىغان ئىنژېنېرلار ئۆز كەسپىدە يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە بويسۇنىدىكەن.

بىز مەككە بىلەن تايىف شەھەرلىرى ئارىسىدا زىيارەتتە بولغان دوختۇرخانىدا پېشىن نامىزىغا داخىل بولدۇق، بۇ دوختۇرخانىدا چىرايلىق بېزەلگەن، ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى بىر مەسچىت بار ئىكەن. بىز، دوختۇرلار ۋە ماڭالايدىغان كېسەللەر بىلەن بىللە بۇ مەسچىتتە بىللە ناماز ئوقۇدۇق. بىر ھەربىي دوختۇر ئىماملىق قىلىپ بەردى.

بىز جۇبەيل نېفىت شەھىرىگە ئېكسكۇرسىيىگە بارغاندا يەنە پېشىن نامىزىنى يەرلىك مەسئۇل خادىملار بىلەن بىللە ئوقۇدۇق. رەڭلىك نۇر ئۆتكۈزىدىغان مەرمەر تاش بىلەن ياسالغان بىر مەسچىتتە ياشقىنە كەلگەن، ساقاللىق بىر كىشى 200 دەك جامائەتكە ئىماملىق قىلىپ بەردى. نامازدىن كېيىن بىز كاتتا ياسالغان بىر زالغا كىردۇق ۋە نېفىتلىك مەسئۇللىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلىماقچى بولدۇق. كۆردۇقكى، ھېلىقى ياش ئىمام نېفىتلىك مەسئۇللىرى قاتارىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىز بۇ ئەھۋالغا قىزىقسىنىپ قالدۇق ۋە يولداش جۇماخۇن بۇ ئىمام بىلەن ئەرەب تىلىدا ئەھۋاللاشتى. بىلدۇقكى، شۇ چاغدا 28 ياشقا كىرگەن بۇ كىشى ئەسلىدە ئامېرىكىدا ئوقۇغان ئىكەن. ئېنگلىزچىنىمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەن، ئىنژېنېر ئۇنۋانى بار ئىكەن. يەنە تېخى مەملىكەتلىك نېفىت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىكەن. ئۇ مۇشۇ نېفىتلىكتە مەلۇم مەسئۇللۇق خىزمىتىنى بېجىرگەچ قوشۇمچە

ھېلىقى مەسچىتكە ئىماملىق قىلىدىكەن. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، يۈكسەك دەرىجىدە ئادەتىيلاشتۇرۇلغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان دىنىي پائالىيەتلەر، ئازغىنە ۋاقىتنى ئىگىلىگەنلىكتىن تاشقىرى پەن - تەتقىقات، قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئانچە كۆپ كاشىلا تۇغدۇرمىسا كېرەك.

كىتابخانلىرىمىز سەئۇدى ئەرەبىستانى شاھزادىسىنىڭ ئامېرىكا ئالەم ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ كائىناتقا سەپەر قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېھتىمال خەۋەردار بولۇشلىرى مۇمكىن. بۇ يەردە بۇ سەپەرنىڭ قىسمەن تەپسىلاتىنى سۆزلەپ ئۆتسەك، كىتابخانلىرىمىزنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا پەن بىلەن دىنىنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردىمى تېگىشى مۇمكىن.

1982 - يىلى 11 - ئايدا ئەرەب سۈنئىي ھەمراھ بىلەن ئالاقىلىشىش تەشكىلاتى ئامېرىكا ئالەم قاتناش ئىدارىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ 2 - ئالاقە سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىغان. كېلىشىمدە بىر نەپەر ئەرەب ئالەم ئۇچقۇچىسىنى تاللاپ ئالەم ئايروپىلانى ئارقىلىق سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئىشىغا قاتناشتۇرۇش بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق شاھزادە سۇلتان بىن ئابدۇل ئەزىز نامزات سۈپىتىدە تاللانغان. 28 ياشلىق بۇ شاھزادە ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى تاماملىغان بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا باشقارما مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئۇ ھەر خىل ئايروپىلانلارنى ھەيدەشنى بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامېرىكا ئالەم ئىدارىسىدا تەربىيىلىنىشكە باشلاپتۇ. تەربىيىلىنىش ۋاقتىنىڭ ئاخىرقى ئېيى مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتىدىغان ۋاقتى بولغاچقا، شاھزادە ھەر كۈنى 16 - 17 سائەتلىك جىددىي مەشىق داۋامىدىمۇ روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شاھزادە ئالەم ئايروپىلانىغا چىقىۋېتىپ: «بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللا، بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ دۇئا قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بىخەتەرلىك بەلبېغىنى باغلاپ بولۇپلا ئۆزى ئېلىۋالغان قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلاپتۇ.

ئالەم ئايروپىلانى ئوربىتىغا كىرگەندىن كېيىن سىكونتىغا 8 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن يەر شارىنى ئايلىنىشقا باشلىغان. ئالەم ئايروپىلانى ھەر كۈنىگە يەر شارىنى 16 قېتىم ئايلىنىپ تۇرغاچقا شاھزادە ھەر 45 مىنۇتتا بىر قېتىم تاڭ ئاتقانلىقىنى ۋە يەنە 45 مىنۇتتا كەچ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناماز ئوقۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاتاقلىق ئۆلىمالاردىن يوليورۇق سورىغان. شۇنىڭ بىلەن كۈنىگە ئۈچ قېتىمدىن ناماز ئوقۇشقا ئىجازەت ئالغان. قىبلىنى مۇقىملىيالمىغاندا، يەنە ئۆلىمالار ئۇنىڭغا خالىغان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا بولۇۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئالەم سەپىرىدە ھەممە نەرسە ئۆز ئېغىرلىقىنى يوقۇتىدىغان بولغاچقا، شاھزادە سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا ئامالسىز قالغان شۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنى توساش ئۈچۈن ھۆللەنگەن لۆڭگە بىلەنلا تاھارەت ئالغان.

ئالەم ئايروپىلانىدا يەتتە ئادەم بىر كىچىك بۆلۈمگە سىغدىشىپ ئولتۇرغان بولغاچقا، بەدەندىكى سۇيۇقلۇق سەرپىياتى يۇقىرى بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ سۇ ۋە كائىنات تەسىرىنى يوقۇتىدىغان دورا ئىچىشكە توغرا كېلەتتى. بىراق، ئالەم سەپىرىنى باشلىغان تۇنجى كۈنى يەنىلا روزا تۇتىدىغان كۈن بولغاچقا، شاھزادە سۇ ۋە دورا ئىچىشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنى ھەددىدىن تاشقىرى ئاجىزلاپ كەتكەن.

ئەتىسى شاھزادە ئالەم ئايروپىلانىنىڭ دېرىزىسىدىن يېڭى ئاينى كۆرگەندىن كېيىنلا ئەرەب دۇنياسىغا ۋە ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىگە تېلېگراممىا يوللاپ روزى ھېيتنى تەبرىكلىگەن.

ئىسلام دىنىي شەرىئىتىنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ دىنغا بولغان قاتتىق ئېتىقادى تۈپەيلىدىن سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ئاساسىي كاپالەتكە ئېرىشىپتۇ. زىيارەتتە بولغان كۈنلەردە مەن جەمئىيەت ئامانلىقى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋە جىنايەتكە قارىتا قوللىنىدىغان جازا مەسىلىسىگە خېلى دىققەت قىلدىم. ئومۇمەن كىشىلەرگە ئورۇنسىز چېقىلىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئۇچراتمىدىم ۋە بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە ئاڭلىمىدىم. قارىماققا قاتناش ۋەقەلىرى خېلى كۆپ ساندا يۈز بېرىپ تۇرغاندىن ئۆزگە بىر - بىرىگە ئازار بېرىشىدىغان ئىشلار كۆزۈمگە چېلىقمىدى. ئۇيەردە ئوغرىلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن پۇرسەت بولۇپ ھېسابلىنىدىغان يوچۇقلار خېلىلا چوڭ ئىكەن. سودىگەرلەر نامازغا كەتسە، دۇكانلىرىنى تاقىمايدىكەن. ماشىنىلارمۇ يول بويىغىلا توختىتىپ قويۇلىدىكەن. مەن بۇ ئەھۋاللارغا قىزىقسىنىپ رەھمەتۇللا ئەپەندىدىن سورىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئوغرىلىق قىلغانلارغا ئادەتتە قاتتىق جازا بېرىلىدىكەن يەنى قولى كېسىپ تاشلىنىدىكەن. بىراق ئوغرىلىق ئەنزىسى تۇغۇلغاندا ئوغرىنىڭ ئاچ قېلىپ، يالىڭاچ قېلىپ، ياكى قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ ئوغرىلىق قىلغانلىقى سېزىلسە بۇنداقلارغا تەربىيە بېرىلىپ، يەنە ئوغرىلىق قىلماسلىققا تىلخەت ئېلىنىدىكەن ياكى يېنىكرەك جازا بېرىلىدىكەن. ئەگەر باي بولۇشنى، باشقىلارنىڭ مېلى بىلەن ئۆزىنى سەمرىتىشنى مەقسەت قىلىپ ئوغرىلىق قىلغانلىقى سېزىلسە قولىنى كېسىش جازاسى بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇنداق جازا بېرىلىدىغانلار يىلىغا ئىككىدىن ئاشمايدىكەن.

ئىسلام دىنىدا ھاراق ئىچىش، كەيىپ قىلغۇچى باشقا ئىچىملىك ياكى چېكىملىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىش قاتتىق مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى كىتابخانىلارغا ئايان. مەن ئۇلاردىن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراشتۇردۇم. ئۇلارنىڭ جاۋابىدىن قارىغاندا، ھاراق ئىچىش ئادەتتە قاتتىق مەنئىي قىلىنىدىكەن. سىرتقا چىققاندا بولسا ئەگەر ھاراق ئىچىدىغانلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلىپ زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ھاراق ئىچىپ سالسا، مەسىلەن، گېلىغا بىرەر نەرسە تۇرۇپ قېلىپ، ئەتراپتا سۇ بولمىسا، جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھاراق ئىچسە، بۇ ھال گۇناھ ھېسابلانمايدىكەن. ئەگەر قەستەن ھاراق ئىچىپ كەيىپ قىلغانلار سېزىلسە مەلۇم دەرىجىدە جازاغا ئۇچرايدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھاراق ئىچىپ كوچىلاردا پوخورلۇق قىلىدىغان، جېدەل چىقىرىدىغانلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بولماسلىقى تەبىئىي ھال.

كۆزىتىشىمىزچە، تاماكا چېكىدىغانلار ياشلار ئىچىدە خېلى ئۇچرايدىكەن، مەن چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ياش شوپۇرىنىڭ تاماكا چەككەنلىكى ۋە بىزگە ھەمراھ بولغان بىرەيلەننىڭ تاماكا چەككەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن مەن تاشلىۋەتكىلى (ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن) ئۈچ كۈن بولغان تاماكىنى قايتا چېكىشكە باشلىدىم. بىز تايىف شەھىرىگە كېتىۋېتىپ تاغ باغرىدىكى ياۋا زەيتۇنلۇق سەيلىگاھلاردا ئەرەبلەرنىڭ ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان، باش بارماق توملۇقىدىكى شىلانكا بىلەن ئىككى مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ شورايدىغان ئەرەب چىلىمى بىلەن تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەلۋەتتە، چوڭ سورۇنلاردا، سۆھبەتلەردە، يوللاردا، ماگىزىنلاردا تاماكا چېكىدىغانلارنى ئۇچراتمىدىم. ئاڭلىشىمىزچە، ئۈچ، تۆت يىل بۇرۇن مەككە قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ماگىزىنە -

لىرىدا تاماكا سېتىلمايدىكەن. ھازىر سېتىلىدىغان بوپتۇ. بىراق، تاماكا قېپىدا تاماكىنىڭ ئىنسان بەدىنىگە بولغان زىيىنىنى كۆرسىتىدىغان رەسىملەر ۋە خەتلەر بېسىلىدىكەن. ئىمپورت قىلىنغان بۇنداق تاماكىلارنىڭ باھاسى ئىمپورت باھاسىدىن ئۈچ، تۆت ھەسسە قىممەت سېتىلىدىكەن.

## 7 - سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت

ئادەتتە ئېيتىلىدىغان ئىسلام مەدەنىيىتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئاساسىي يادرو قىلىدۇ. ئەرەب مەدەنىيىتى دېگىنىمىز بولسا، ئەرەب يېرىم ئارىلى، قىزىل دېڭىزنىڭ شەربىيدىكى كەڭ يەرلەر ۋە ئوتتۇرا يەر ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى مەملىكەتلەردە ياشىغۇچى ئەرەبلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان مەدەنىيەت. يۇقىرىقى رايونلاردا ياشىغان ئەرەبلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولغىنىدەك، ئۇلار تەرىپىدىن يارىتىلغان مەدەنىيەتنىڭمۇ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول.

بىزنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرغان ۋاقتىمىز قىسقا، ئۇچراشقان دائىرىمىز تار بولغىنى ئۈچۈن، ئەرەب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېما ئۈستىدە ئەتراپلىق بىر نەرسە دېيىشكە ئاجىزمىز. شۇنداقلا پۈتكۈل ئەرەب مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇش بۇ ماقالىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان سەكرەش ھالىتىدە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، نۆۋەتتە ئەرەب مەدەنىيىتى ياۋروپا ۋە باشقا ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن گىرەلەشكەن ھالەتتە كۆزگە چېلىقىدىكەن. ئەرەبلەرنىڭ شاخ، يوپۇرماق نەقىشلىق بىناكارلىق سەنئىتى ھازىر بىر قىسىم مېھمانخانىلاردا، بولۇپمۇ مەسچىت ۋە دىنىي مۇئەسسەسەلەردە كۆپرەك ئەكس ئەتسە كېرەك. قۇرئان، ھەدىسلەرنىڭ يېڭى نەشرىلىرىدىمۇ بۇنداق نەقىش سەنئىتى ئۆز قىياپىتىنى ساقلاۋېتىپتۇ.

بىز مەدىنە شەھىرىدە قۇرئان باسما مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، بۇ يەردە بېسىلغان قۇرئانلارنىڭ نۇرغۇن خىللىرىنى كۆردۇق. ئالتۇنرەڭ نەقىش بىلەن بېزەلگەن بۇنداق قۇرئانلار سەنئەت جەھەتتىن كىشىنى ھەقىقەتەن جەلپ قىلىدىكەن. ھەتتا ئىچكى ۋاراقلىرىنىڭ يانلىرىغا بېسىلغان رەڭلىك نەقىشلەرمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىنىپتۇ.

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراچلىق سەنئىتى بولىدۇ. بىراق بۇنداق سەنئەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە مۇئەييەن پەرق بولۇشى مۇمكىن. سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراچلىق سەنئىتىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىش ئەلۋەتتە ئاسان گەپ ئەمەس. بىراق مۇنداق سەنئەت ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋېتىپتۇ. بىز ئۇ يەردە زىيارەتتە بولغان ئون شەھەرنىڭ ھەممىسىدىلا گۈزەل سەنئەت نامايەندىلىرىنى — ھەيكەللەرنى كۆردۇق. كىتابخانلارغا ئايانكى، ئىسلام دىنىي قائىدىسى بويىچە ئادەمنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساش قارشى ئېلىنمايدۇ. ئەلۋەتتە ھەۋال شۇنداق بولسىمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى شەھەرلىرىدىكى ھەر خىل مەزمۇندىكى ھەيكەللەر كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. مەسىلەن: جىددە شەھىرىدە دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن غايەت زور ئىككى قول قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر يەردە غايەت چوڭ يەر شار مودېلى بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىدىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىرەك ئوغاقسىمان يېڭى ئاي پارقىراپ تۇرىدىكەن، يەنە بىر پاركتا بولسا غەلىتە گېئومېتىرىك شەكىل كىشىگە سىرلىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدىكەن. مەككە شەھىرىگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆزى تۇنجى بولۇپ چوڭ كۆل ئوتتۇرىسىغا يانتۇ قويۇلغان، پارقىراپ تۇرغان بەكمۇ ھەيۋەتلىك ئەرەب قەھۋە چۆگۈنىگە چۈشىدىكەن. بۇ چۆگۈننىڭ جۈمىسىدىن فون-

تان ئۆتۈلۈپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر يەردە ئاجايىپ چولۋا بىر كوزا (ئېيتىلىشىچە، ئەرەبلەر بۇرۇنقى زامانلاردا زەمزەم سۈيىنى مانا مۇشۇنداق كوزىلارغا قاچىلايدىكەن) بىر ئۈچبۇلۇڭ ئۈستىدە ياتقۇ ھالەتتە تۇرۇپتۇ.

خۇددى جىددە شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقىنىڭ بىر قولىغۇچىسى ئېيتقاندەك «ھەيكەلتاراشلىق ئەسەرلىرىنى گەرچە گۈزەل سەنئەت جەھەتتىن باھالىغاندا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ ھېسابلايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسىمۇ، لېكىن يولدىن ئۆتكۈچىلەرنى ئۆز سەپىرىنىڭ كېيىنكى مۇساپىسىدە يەنە قانداق ھەيكەل ۋە شەكىللەرنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقتۇرۇشى مانا بۇ ھەيكەللەرنىڭ جەلب قىلارلىق كۈچىنىڭ مەنبەسىدۇر».

سەئۇدى ئەرەبىستانى بازارلىرىدا سېتىلىدىغان تۈرلۈك قاچا-قۇمۇچلار، زىننەت بۇيۇملىرى ئەرەب سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە بىر نامايەندىسى ئىكەن. قاچا - قۇمۇچلار ئىنچىكە ياسىتىلغان مىستىن، ھەتتا كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا ناھايىتى نەپىس گۈل ۋە نەقىشلەر چېقىرىلىدىكەن. زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدىكەن. نەپىس ئىشلەنگەن قاچا - قۇمۇچلار ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەن.

ئەرەبلەرنىڭ ئەرلىرى ئادەتتە ھوشۇقىغا كېلىدىغان ئاق كۆڭلەك ۋە ئاق ئىشتان كېيىدىكەن. بېشىغا بولسا، ئۇزۇنسى ۋە توغرىسى ئوخشاشلا بىر مېتر ئەتراپىدا كېلىدىغان ئاقياغلىق ئارتىۋالىدىكەن. قىزىل، ئاق يىپلاردىن توقۇلغان ياغلىق ئارتىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئاق كىيىم كىيىشى ئىسسىق كېلىماتقا باغلىق بولسا كېرەك. ئەرەب ئەرلىرىنىڭ ياغلىق ئۈستىگە كەيۋالىدىغان قارا چەمبىرىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن، قارايسىز بىلەن يۆگىلىپ ياسىلىدىغان بۇ چەمبىرەك ياغلىقنىڭ شامالدا ئۇچۇپ كەتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىجاد قىلىنغانلىقى تەخمىنگە يېقىن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئۇ ھەم ئەمەلىي قىممىتى بار ھەم سەنئەت قىممىتى بار باش كىيىم ئورنىدا پايدىلىنىۋېتىلىپتۇ. ئەرەب ئەرلىرى ئادەتتە پۇتىنىڭ باش بارمىقى بىلەن باشقا تۆت بارمىقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاسما ئاياق كىيىشىدىكەن. زىيالىلىرى بولسا ساپما شىبلەت كىيىدىكەن. زىيارەت داۋامىدا بىرمۇ ئەرەب ئەرلىرىنىڭ بوغقۇچلۇق ئاياق كىيگەنلىكىنى كۆرمىدىم. بۇ بەلكى بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەممىسىدە ئاياق سېلىشقا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىش ۋە ئاق ئۇزۇن ياغلىق ئارتىش — ئەرەبلەرنى قامەتلىك، ئېگىز قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. ئاياللار بولسا ئادەتتىكىچە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەننىڭ سىرتىدا پۈتۈن بەدىنىنى يۆگەپ تۇرىدىغان قارا ياغلىق ئارتىۋالىدىكەن. كۆپىنچىسى ئېگىز پاشنىلىق ئاياق كىيىدىكەن.

بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزدە، بىز بىرقانچە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئادەتتە ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنىدىكەن. ھويلىلارغا خورما دەرىخى تىكىلىپ چىم تېرىلىدىكەن. بەزىلىرى ھويلىلىرىغا فوتتان، سۈنئىي تاغ، سۈنئىي شاقىراتما ياسىۋالىدىكەن. ئۆي ئىچىنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بولۇپ، كىشىگە بىر مۇزېيغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئىشكاپ، ئورۇندۇق، دىۋانلار كۆپىنچە كونا ئۇسلۇبتا ياسىلىدىكەن. ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئايەت چۈشۈرۈلگەن گىلەم، پەتنۇسلار تامغا ئېسىلىدىكەن. بەزى ئۆيلەردە ياسالغىنىغا ۋە ئىشلىتىلىشكە باشلىغىنىغا ئۇزۇن بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان قىلىچلار، خەنجەرلەر ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. بۇنداق نەرسىلەر ئۆي ئىگىسىنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلىشىغا ياردەم بېرىسە كېرەك،

سەپەر داۋامىدا رەھمەتۇللا ئەپەندىدىن سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئەرەبلەرنىڭ توي ئادىتى ئۈستىدە بەزى سو-
ئاللارنى سورىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئەرەبلەرنىڭ يىگىت، قىزلىرى شەرت - شارائىت
ھازىرلانغاندا ئالدىنئالا توي خېتى ئېلىپ نىكاھ ئوقۇتۇپ قويسىمۇ بولىدىكەن. بىراق نىكاھ ئوقۇتۇ-
لۇپ بولغان بولسىمۇ توي مۇراسىمى ئىككى، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەھۋاللىمۇ بار ئىكەن. بۇ جەرياندا
يىگىت - قىزلار ئۆزئارا كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا بولىدىكەن، ئەمما بىر ئۆيدە بولمايدىكەن. پەقەت ئو -
قۇشلىرىنى ئوقۇپ بولغاندا ياكى تېگىشلىك ئۆي، تېگىشلىك پۇل تەييارلانغاندىلا توي قىلىدىكەن.
توي ئۈچۈن يىگىت تەرەپ ناھايىتى نۇرغۇن پۇل تۆلىشى كېرەك ئىكەن.

توي مۇراسىمى ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمىدىن چوڭ پەرق قىلمايدىكەن. تويدىن كې -
يىن يەنە يىگىت - قىزلار ئولتۇرۇشى بولىدىكەن. رەھمەتۇللا ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق ئول -
تۇرۇشتا مەي (ئىسپىرتسىز ئىچىملىك) ئىچىلىپ، ساز - ناز بىلەن بەزمە قىلىشىدىكەن.

## 8 - سەئۇدى ئەرەبىستانىدا سانائەت ۋە سودا

نېفىت سانائىتى—سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئاساسلىق سانائىتى ۋە ئاساسلىق تاشقى پېرېۋوت مەن-
بەئى بولۇپ، ھازىر بۇ سانائەت نېفىت ئېلىش ۋە خام نېفىت ئېكسپورت قىلىشتىن پىششىقلاپ ئىشلەش
تەرەپكە قاراپ جىددىي بۇرۇلۇۋېتىپتۇ. بىز سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئاساسلىق نېفىت سانائەت بازىسى-
دىن ئۈچىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ بازىلارنىڭ بەزىسى يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە قۇرۇلغان بو -
لۇپ، بىرقانچە شىركەتلەر ۋە چوڭ زاۋۇتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ شىركەتلەرنىڭ بەزىسىنى
سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىكەن. بەزىسىنى باشقا دۆلەتلەر بىلەن شېرىكلىشىپ باشقۇ-
رىدىكەن. بۇ زاۋۇتلار ئاساسەن نېفىت ئايرىش ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلات ھازىرلاش بىلەن شۇغۇ -
لىنىدىكەن. بۇرۇنقى چاغلاردا نېفىت خام پېتى ئېكسپورت قىلىنىدىغان بولسا ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن
پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان بوپتۇ. شۇ سەۋەبتىن نېفىت كىرىمىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋېتىپتۇ.

بىز 11- ئاينىڭ 28- كۈنى مەدىنىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەمبا نېفىت شەھىرىگە
باردۇق. يەمبا نېفىت شەھىرى ئەسلىدە پايانسىز قۇملۇق بولۇپ، ھازىر خورما دەرەخلىرى قەد كۆ-
تەرگەن، ھەر خىل گۈل- گىيالار، گۈل دەرەخلىرى گۈللەپ تۇرىدىغان گۈزەل شەھەرگە ئايلىنىپ-
تۇ. بولۇپمۇ شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كېلىپ ياپيېشىل چىمەنلىقلارنى دەسسەپ ماڭغاندا، بۇ يەر-
نىڭ ئون نەچچە يىل بۇرۇن قاقاس چۆل ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىكەن. بۇ نې-
فىت بازىسى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردىن يىراق بولغىنى ئۈچۈن بۇ يەردە
ئىشلەيدىغانلارغا ناھايىتى قولاي شارائىت ھازىرلانغانىكەن. بىز ئىشچىلارنىڭ ئولتۇراق جايىغا بار-
غىنىمىزدا بىر- بىرىگە تۇتاشقان توپ- توز يوللارنى، قاتار- قاتار سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك داچا
شەكلىدىكى ئۆيلەرنى، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن دەرەخلەرنى، تاملارغا يامىشىپ كەتكەن گۈل
پېلەكلىرىنى كۆردۇق. دائىرىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ھەر بىر ئائىلىگە بىر
كورپۇستىن قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، كېتەرلىك مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى نېفىتلىك چىقىرىدىكەن. بۇ
يەرگە كېلىپ ئىشلىمىشى زۆرۈر بولغان ۋە بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشنى خالىغان كىشىگە بۇ ئۆيلەردىن
بىر يۈرۈش بېرىلىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ پۇلى بولسا سىمۋول خاراكتېرلىك تۆلەم ئارقىلىق بىر قانچە
ئون يىلدا قايتۇرۇۋېلىنىدىكەن. ئەگەر كىمىكى بۇ يەردە ئۇدا ئون يىل ئىشلىسە بۇ ئۆيلەرنىڭ ھو-
قۇقى پۈتۈنلەي شۇ كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن. ئۆينى باشقىلارغا بېرىۋەتسىمۇ، ھەتتا سېتىۋەت-

سىمۇ ئىختىيارىدا ئىكەن. ھۆكۈمەت چۆلدە قۇرۇلغان بۇ شەھەردە ئىشلەيدىغانلارغا مانا مۇشۇنداق شارائىت يارىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن، بۇ شەھەر ھازىر بارغانسېرى كېڭىيىۋېتىپتۇ.

بىز جىددە شەھىرىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە شەھەر ئەتراپىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ناھايىتى زور بولغان بىر زاۋۇتتا ئېكىسكۇرسىيىدە بولدۇق. بۇ زاۋۇتتا مەخسۇس بوۋاقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تەرەت لاتىسى ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. بۇنداق تەرەت لاتىسى نېپىز قەغەز ئارىسىغا سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پاختا ئېلىنىپ ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ئىشلەنگەن بولۇپ، بوۋاقلارنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆتكۈزۈپ چاپلاشقۇچى بىلەن قورسىقىغا ۋە دۈمبىسىگە چاپلاپ قويسىلا بولىدىكەن. بوۋاق چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىپ قويسىمۇ ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئاۋارىچىلىق بولمايدىكەن. ئامېرىكىدىن كەلتۈرۈلگەن ماشىنا ۋە خام ئەشيا بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بۇنداق تەرەت لاتىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدە ۋە باشقا رايونلاردا سېتىلىدىكەن. كىشىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر مۇھىم مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان بۇنداق تەرەت لاتىسىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھېسابقا ئېلىنىشى بىزگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

گېئوگرافىيەدىن خەۋىرى بار كىشىلەر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سۈيى كەمچىل بولغان بىر قاقاسلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان سۇ ئېھتىياجىنىڭ قانداق ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ. دېمىسىمۇ تۇرمۇشقا، سانائەتكە، كۆكەرتىشكە كېرەكلىك بولغان سۇ مەسىلىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئەڭ مۇھىم مەسىلە.

بىز سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندىن كېيىنلا ئاندىن سۇ مەسىلىسىنىڭ قانداق ھەل قىلىنغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. خەرىتىگە قاراپلا بىلىشكە بولىدۇكى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇھىم چوڭ شەھەرلىرى ئاساسەن قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ۋە ئەرەب دېڭىزىنىڭ بويلىرىغا جايلاشقان. پايتەخت رىيادنى بولسا ئۇنداق قارىغىلى بولمايدۇ. دېڭىز بويىغا جايلاشقان دەپ قارالغان شەھەرلەرمۇ خەرىتىدىكى ماشىستاب بىلەن ئۆلچەنسە بەزىلىرى دېڭىز ياقىسىدىن بىرقانچە يۈز كىلومېتىر كېلىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مۇشۇنداق ئىچكى شەھەرلەرگە كېرەكلىك سۇمۇ دېڭىز بويلىرىغا دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرىدىغان غايەت چوڭ زاۋۇتلارنى قۇرۇپ ۋە بۇ سۇلارنى تۇرۇبا بىلەن ئېھتىياجلىق شەھەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلىنغان.

بىز جىددەدىكى كۈنلىرىمىزنىڭ بىرىدە 2 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار جىددە ۋە 400 مىڭ ئاھالىسى بار مەككە شەھەرلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان زاۋۇتنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ زاۋۇت ئەمەلىيەتتە بىر قانچە چوڭ زاۋۇتتىن تەركىب تاپقانىكەن. بۇنداق زاۋۇتتا دېڭىز سۈيى ئەۋۋەل ناھايىتى چوڭ بىر سېختا پارغا ئايلاندۇرۇلىدىكەن. پارنى يېتەرلىك بېسىمغا ئىگە قىلغاندىن كېيىن پار تۇربىنىلىق گېنېراتورغا يوللىنىلىدىكەن. بۇ يەردە بۇ پار بىر تەرەپتىن گېنېراتورنى ئايلاندۇرۇپ توك ھاسىل قىلسا، بىر تەرەپتىن سوۋۇيدىكەن ۋە سۇغا ئايلىنىدىكەن. بۇ سۇ يەنە باشقا سېخلاردا كالتسىي كاربوناتتىن خالىي قىلىنىپ دېزىنفېكسىيىلىنىدىكەن ۋە ناھايىتى چوڭ تۇرۇبىلار ئارقىلىق شەھەرلەرگە ئەۋەتىلىدىكەن.

گەرچە بۇنداق زاۋۇتتا مەلۇم تۇز ۋە ئېلېكتر ئىشلەپچىقىرىلىپ، زاۋۇتنىڭ 20% چىقىمى تولدۇرۇۋېلىنسىمۇ يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ناھايىتى كۆپ مەبلەغ سېلىشىغا موھتاج ئىكەن. بۇنداق زاۋۇتلار ھازىر پۈتۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەۋېتىپتۇ.

بىز مەككە شەھرىدە ئېكسكۇرسىيە قىلغان يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن پۈتۈن يۇرۇش ئۆي جاھازلىرىنى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى، موتوتسىكلىتلارنى، گىلەملەرنى، پىلاستماسسا بۇيۇملىرىنى، دۋىگاتېللارنى كۆردۇق. ئاڭلىشىمىزچە جىددە شەھرىدە يەنە ماشىنىلاشقان بىر چوڭ گىلەم زاۋۇتى بار ئىكەن. ماشىنىدا توقۇلغان بۇنداق گىلەملەرنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، كۆركەم ھەم باھاسى ئەرزان ئىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سودا ئىشلىرى، جۈملىدىن مەككە، جىددە شەھەرلىرىنىڭ سودىسى خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن. بولۇپمۇ ھەرەم ئەتراپىدىكى مەخسۇسلاشقان چوڭ-كىچىك ماگىزىنلاردىن كېرەكلىك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدىكەن.

شەھەرنىڭ دوخمۇش-دوخمۇشلىرىدا ئاساسەن ياپونىيە ۋە ئامېرىكا ماللىرىنىڭ ئېلانلىرى كۆزگە چېلىقىدىكەن. كىچىك ماشىنا سېتىلىدىغان ماگىزىنلاردا ئاساسەن ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ، ئۇندىن قالسا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ماشىنىلىرى سېتىلىدىكەن. ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئوپتىكا سايمانلىرى، فوتو سۈرەت سايمانلىرى جەھەتتە ياپونىيە ماللىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە ئىكەن. رەخت ۋە ياغلىق قاتارلىق ماللارنىڭمۇ كۆپىنچىسى ياپونىيىدە ئىشلەنگەنىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ، جەنۇبىي چاۋشيەننىڭ، تۈركىيىنىڭ، فرانسىيىنىڭ ماللىرىمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. جىددە شەھرىدىكى بىر چوڭ ماگىزىندا مەخسۇس جۇڭگو ماللىرى بۆلۈمى بولۇپ، بۇ بۆلۈمدە تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن شياڭگاڭ ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن ماللار سېتىلىدىكەن.

مال ساتقۇچىلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئوبدان ئىكەن. ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ كىرگەن ھەرقانداق خېرىدارغا مال ساتقۇچى قىزغىنلىق بىلەن سالام قايتۇرۇپ، ماللارنىڭ باھاسى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھەج ۋاقىتلىرىدا سودا سېتىق ئىشلىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدىكەن.

## 9. ئەرەب خەلقىنىڭ دوستلۇقى

ئەرەب خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا تارىخىي دوستلۇق مەۋجۇت. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى سۈپىتى بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەرەب خەلقى بىلەن ئەنئەنىۋى دوستلۇق ئورناتقان.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆمرە ھەج قىلىش، دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى زېمىنىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا ساھىپخان — دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ۋە باشقا زاتلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى مەسئۇللىرى زىيارىتىمىزگە ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بەردى. ئېگىشلىك ھۆرمىتىمىزنى قىلدى. ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، تۇرار جاي، قاتناش ۋاسىتىلىرى قاتارلىق تەرەپلىرىگە مۇناسىپ كۆڭۈل بۆلدى. مەيلى نەگىلا بارمايلى، قاتناش ساقچىلىرى بىزگە يول ئېچىپ، زىيارىتىمىزنىڭ تېز ۋە بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ھەرەمدىكى كەئبە ئادەتتە كېچە-كۈندۈز نەچچە مىڭ تاۋاپچىنىڭ قورشاۋىدا تۇرىدىغان جاي. مەككىگە بارغان ھەرقانداق مۇسۇلمان كەئبىنى ئۆز قولى بىلەن سىلاپ دۇئا قىلىشنى خالايدۇ. بىز ھەرەمگە تاۋاپ ئۈچۈن كىرگەن چېغىمىزدىمۇ نەچچە مىڭ كىشى كەئبىنى ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقا-

ئىكەن، ھەرەم ساقچىلىرى بىزنىڭ يىراقتىن — جۇڭگودىن كەلگەنلىكىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ئادەم دېڭىزى ئارىسىدىن بىر يول ئاچتى ۋە بىزنى كەئبە يېنىغا باشلاپ كەلدى. كەئبىنى ئايلىنىش ۋە كەئبىنى تاۋاپ قىلىشنى كۆڭۈلدىكىدەك تامام قىلدۇق.

بىز جىددەدا تۇرغان كۈنلىرىمىزدە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئەرباپ ۋە داڭلىق باي جامجۇمنىڭ ھوزۇرىغا مېھماندا بولدۇق. جامجۇم ئەپەندى بىزنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ھەمراھ بولۇشقا مەشھۇر زاتلاردىن 50 گە يېقىن كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ ۋە ناھايىتى مول ۋە كاتتا زىياپەت ھازىرلاپتۇ. زىياپەتتىن بۇرۇن جامجۇم ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇ، ئۆز سۆزىدە 1981 - يىلى ئۆزىنىڭ جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياخشى كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە شۇ سورۇندا ئولتۇرغان ئەرەب كىشىلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ جۇڭگونى كۆرۈپ كەلگەن بىردىن بىر كىشى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۆمەك باشلىقى يولداش ئىسمايىل ئەمەتمۇ جامجۇم ئەپەندىنىڭ ئۆمىكىمىزنى كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزى جامجۇم باشلىق ئەرەبلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ زىياپەتتە سۆز قىلغانلار يەنە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «ئەگەر بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ، ئۇنى ئۆگىنىش كېرەك» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ جۇڭگونى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈشتى. مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، پرافېسسور ئابدۇراخمان ناجۇڭ (تۇڭگان) ئەپەندى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورۇن ئەھلىگە ئەرەب تىلى بىلەن بىۋاستە تونۇشتۇردى.

زىياپەتتىن كېيىن مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتتىن كەلگەن بىر دوكتور ئۆمەك ئەزالىرىنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا يولداش ئىسمايىل ئەمەت ۋاقتىنىڭ زىچلىقى تۈپەيلى، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەھمەت ئېيتىپ ياندۇردى.

ئۆمىكىمىز رىيادتا تۇرغان كۈنلەردە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ باش مۇپتىسى بىن بازنىڭ قوبۇلىدا بولدۇق. مەملىكەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىغا قارىماي، ناھايىتى خۇشپېئىل ۋە ئاددىي - ساددا بولغان بۇ ئەرباپ بىزنى يەنە ئۆز ئۆيىگە ئالاھىدە مېھمانغا ئېيتتى. مېھماندارچىلىق سورۇنىدا بىز بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. يولداش ئىسمايىل ئەمەت ئۇنىڭغا ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋاكالىتەن تون ۋە دوپپا تەقدىم قىلغاندا، ئۇ توننى ۋە دوپپىنى كىيىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

ئانچە ئۇزۇن بولمىغان زىيارەت ۋاقتىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىش، بىزنىڭ كۆپرەك نەرسىلەرنى كۆرۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇللىرى يول يۈرۈش ۋاقتىمىزنى كۆپىنچە كېچىگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن كۈندۈزلۈك ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاننى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ، زىيارىتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشىمىزغا ۋە ئۆمرە ھەج زۆرۈرىيەتلىرىنى تولۇق تاماملاشقا مۇۋەپپەق بولدۇق.

1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۆمرە ھەج ۋە زىيارەت ۋەزىپىلىرىمىزنى تاماملاپ جىددە ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلدۇق ۋە كۇۋەيت دۆلىتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




ئەمتىلى زۇنۇن

## سالام، ئانامىسا

(خور)

جان پىدا مەردانىلار جەۋرى ـ جاپا سەھراسىدىن،
ئۆتتىلەر سۈزمەك ئۈچۈن گۆھەر بىلىم دەرياسىدىن.

بۇ مۇقام سەنئەت ـ گۈزەللىك غەزنىسىنىڭ گۆھىرى،
ئالدى زوق ـ ئىلھام يۈرەك پارلاق نۇرى — جۇلاسىدىن.

قەدىردان خانتەڭرى نەسلىنىڭ مۇراد ـ ئارمانلىرى،
بەرق ئۇرار ئۇشبۇ مۇقامنىڭ ھەر ئاھاڭ، مىسراسىدىن.

بۇ مۇقامغا تۆكتى قان ـ تەر، مېھرىنى ئامانىسا،
رازى بىز سەنئەت بېغىنىڭ بۇ گۈزەل رەناسىدىن.

تۆھپىكار ئامانىسا سىزگە سالام، يۈز مىڭ سالام،
شۇ مۇقامىنىڭ ئاشقى ـ سانسىز يېڭى شەيداسىدىن.

## كۆرۈپ كەلدىم

يۈرەك تەشنا سېغىنغان لەيلىزارىمنى كۆرۈپ كەلدىم،
زامانەم مېھرى بەخش ئەتكەن ھايات پەيزىن سۈرۈپ كەلدىم.

ئېتىزدا باغرىنى ياققان، دالال تەر ماغزىنى چاققان،
ئۇمىدلىك ئەتىگە باققان چېھرەلەرگە كۆيۈپ كەلدىم.

ئانا يۇرت قوينىدا شادلىق، باراۋان باي — باياشادلىق،
ئۆتەر كۈنلەر ئەجەپ تاتلىق، ھاياجانغا چۆمۈپ كەلدىم.

سائادەت دىلبىرى سۆيگەن، مۇرادى گۈللىگەن ـ كۈلگەن،
ئانا يۇرتۇم باھارىدىن ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كەلدىم.

## ماختىنىمەن جاھان ئالدىدا

ھەشقەپچەك گۈل بولامدۇ رەيھان ئالدىدا،
ھۆر پەرىزات نە كېرەك ئۆز جانان ئالدىدا.

ئوت قولۇقىدا ئىلىم ـ پەننىڭ نۇرلۇق چىرىقى،
سېنى كۆردۈم چوڭ سەپەردە كارۋان ئالدىدا.

مېھرى ـ ۋاپا گۈلزارىدا يىگانە گۈل سەن،
ماختىنىمەن سېنىڭ بىرلە جاھان ئالدىدا.

مېھرىبانىم، يوللىرىڭدا قۇربان بولاي دەپ،
قەسەم بەردىم جان ئالدىدا، ۋىجدان ئالدىدا.

## ئۆزبېك قىزى

ئۆزبېك قىزى ـ ئاينىڭ ئۆزى،
شەھلا كۆزى ـ تاڭ يۇلتۇزى.
ئالما ـ ئانار مەڭزى ـ يۈزى،
نەترە ـ ئىپار باسقان ئىزى.

تەنگە داۋا، دەردكە شىپا،
ناز ـ خۇلقى ھەم شېرىن سۆزى.

سۆيگۈ ـ ۋاپا، شەرمى ـ ھايا،
پاكلىقتا مەپتۇن، مەھلىيا،

ئەركىن ھايات، مېھنەت ـ ئىجاد
مەنزىلىدە ئالتۇن قانات،
سەنئەت سۆيەر، ئىشتا چىۋەر،
قەلبى گۆھەر ئۆزبېك قىزى.

## گۈزەل

دەۋرى ـ دەۋرانىم گۈزەل،
يۇرتۇم ـ ئانا جانىم گۈزەل.
تاغ ئارا قار لەيلىسى،
باغىمدا رەيھانىم گۈزەل.

بەخت يولى يارقىن، راۋان،
گۈل ئاچتى ئارمانىم گۈزەل.

ئەل ئامان، يۇرتۇم ئامان،
خەلقىم ئامان بولسۇن ھامان،

تارى ئالتۇن ساز بىلەن،
كۈيلەپ بەلەن ئاۋاز بىلەن،
خۇش تەبەسسۇم ناز بىلەن،
سەھنىدە جەۋلانىم گۈزەل.

## كەتمەيمەن

ۋاپادارىم، بولۇپ تەشنا
سېغىنغانتىم ئانا يۇرتنى.
«كۆرۈپ كەتكىن» دېگەن ناخشاڭ،
يۈرەككە سالدى بىر ئوتنى.

يولۇمغا كۆز تىكىپسەن يار،
تۆكۈپ تەر، باغ بىنا ئەيلەپ.
سۆيەي ئەجرىڭ ھوسۇلىنى،
كۆزۈمگە تۇتىيا ئەيلەپ.

ئۇچۇپ كەلدىم، يېقىنىپ باغرىم،
سۆيەي دەپ شۇ دىيارىمنى.
دىيارىم كۆكسىدە گۈلدەك
ئېچىلغان سەن نىگارىمنى.

كېتەر ۋاقتىڭ قاچان دەيسەن،
نېمىشكە مەن كېتەي جانان؟
ساڭا مەڭگۈ بولۇپ ھەمراھ،
مۇرادىمغا يېتەي جانان.

# ئانا يۇرت مۇھەببىتى

(ئۆت كىشىلىك ئېيتىشىش)

گۈلدەستە، خەت، سۈرەت كۆتەرگەن قىز كىرىدۇ. ئىككى ياقتىن ئىككى قىزىقچى يىگىت كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا تاش بىلەن قوشۇق؛ ئۇمۇمى سازغا جۆر بولغان ئاساستا قىزنىڭ ناخشىسىغا تاش ۋە قوشۇق بىلەن تەڭكەش بولىدۇ.

قىز: (ناخشا)

كېزىپ كەلدىم يول - رەستە،
ئوڭ قولۇمدا گۈلدەستە.
سول قولۇمدا خەت، سۈرەت،
مەن قارايمەن ھەۋەستە.

(قىزىقچىلار ھەيرانلىق بىلەن بويۇنداپ قارايدۇ.)

قىز: بۇ خەت كىمنىڭ بىلەملا؟
سۈرەت كىمنىڭ، بىلەملا؟
ئاتەش كۆزلۈك بۇ ئەرباب،
كىم بولىدۇ، دېمەملا؟

قىزىقچىلار: (ناخشا)

يارىڭىزدۇر، رەنا قىز،
دىلدارىڭىزدۇر.
ئوت ئىكەنسىز، زىبا قىز،
پەرۋانىڭىزدۇر.

قىز: (نومۇس قىلىپ) ۋاي، نېمە دەيدىغاندۇ؟

قىزىقچىلار:

ۋەدىسىگە ۋاپادار
مەردانىڭىزدۇر.
چىن مۇھەببەت شەيداسى
قۇربانىڭىزدۇر.

قىز:

تاغام مېنىڭ بۇ ئەرباب،
چەت ئەلدە ئۆزى.
يۈكسەك بىلىم - ھۈنەرى،
ئابرويى، يۈزى.

قىزىقچىلار: ۋاھ قالتىسقۇ!

قىز:

مەرۋايىتتەك تىزىلغان
بۇ خەتكە سۆزى.
يۇرتىمىزغا دەل بۈگۈن
كەلمەكچى ئۆزى.

قىزىقچىلار: (ناخشا)

كۆرۈۋالسۇن قانغىچە
ئۆز تۇپراقىنى.
سۆيۈۋالسۇن باغ ئېتىپ
تەڭرى تاغىنى.
سۈرتۈۋالسۇن كۆزىگە
تارىم باغىنى.
يۇيۇۋالسۇن جۇدالىق -
ھىجران داغىنى.

قىز:

تاغام بىلەن چەت ئەلگە
مەنمۇ كېتەرمەن.
يەر - جاھاننى ئايلىنىپ،
سەيلە ئېتەرمەن.

قىزىقچىلار:

ئاق تۇرنىدەك ئاپئاق قىز،
چەتكە ئامراق قىز.
ئويلىنىۋراق يول تاللا،
نادان - ئاخماق قىز.

(قىز بىلەن قىزىقچىلارمۇ چىقىپ كېتىدۇ. قارشى تەرەپتىن مۇھاجىر كىرىدۇ. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىغا چەكسىز زوق - ھەۋەس بىلەن قاراپ، چوڭقۇر ھېسسىياتلىق سۆزلەيدۇ.)

مۇھاجىر: ئېھ ئانا يۇرت!... جۇدۇن پەسلىدە تېزىپ كەتكەن قارلىغىچىلىك كەلدى بۈگۈن كەتمەس بولۇپ، خانتەڭرىدەك كۈچمەس بولۇپ، يالقۇنتاغ يالقۇنىدەك ئۆچمەس بولۇپ...

(قىز بىلەن قىزچاقلار كىرىدۇ، قىز تىڭشايدۇ، شۇمۇ - ئەمەسمۇ دېگەن خىيالدا سۈرەتكە قارايدۇ، ئالدى تەرەپكە تەلپۈنىدۇ.)

مۇھاجىر: (سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.) ئۇ، سېنىڭ بەختى - ئىقبالىڭ ئۈچۈن قان - تەرىنى تۆكمەكچى مىليونلارغا ھەممەنەپەس بولۇپ!...

قىز: (ئۆز - ئۆزىچە خۇشاللىنىپ) شۇ!... دەل ئۆزى شۇ! (مۇھاجىرغا) ئەسسالام، تاغا!

مۇھاجىر: (ھەيرانلىق بىلەن) سىز؟

قىزچاقلار: (قولاقنى قولاققا يېقىشىپ) شۇ ئىكەن - دە؟

قىز: ئىسمىم جىنەستە.

مۇھاجىر: ئاھ سىڭلىم جىنەستە، مۇبارەك نامىڭىز ئەستە.

قىزچاقلار: (ئۆز - ئارا) راست، تاغىسى ئىكەن.

قىز: سىزنى يادلاپ ھەر بىر نەپەستە، تىزغان ئىدىم تاڭدا گۈلدەستە. (گۈلدەستىنى ئۇزىتىدۇ.)

مۇھاجىر: (گۈلنى پۇرىغاندىن كېيىن ھاياجاندا نەزمە ئوقۇيدۇ.)

ئانا يۇرتنىڭ گۈلى - كىمياسى،
بارچە گۈلنىڭ خىلى - زىبباسى.
كۆزلىرىمنىڭ نۇرى - زىياسى،
يۈرىكىمنىڭ مەلھەم - شىپاسى.

قىز: چەت ئەل گۈللىرى بەك چىرايلىقتۇ؟

مۇھاجىر: چەتنىڭ گۈلى چىرايلىق، بىراق،
ئۇنىڭدا يوق مۇنداق خۇشپۇراق.
ئۆزگە يۇرتنىڭ گۈلى يۈرەكتە،
قوزغىتالماس مۇنداق ئىشتىياق.

قىز: ئۇنداق بولسا ئېلىپ كېتىڭ ئۇرۇقىنى...

مۇھاجىر: ئېلىپ كېتىڭ؟ ئەندى مەن نەگىمۇ كېتەي، قەدىردان سىڭلىم؟

قىزچاقلار: ھەببەللى!

مۇھاجىر: (ناخشا)

كەلمىدىم مەن ھەپتە - ئون كۈن مېھمان بولۇشقا،
قايتىپ يەنە ئۆزگە يۇرتتا ۋەيران بولۇشقا،
سەرسان بولۇشقا.

قىز: نېمە؟

مۇھاجىر:

كەلدىم ئانا يۇرتنى سېغىنىپ،
يالقۇنلىغان ئوتنى سېغىنىپ.

قىز: (ناخشا)

چەت ئەل دېگەن جان ھوزۇرى جەننەت ئەمەسمۇ؟
جەننەت ئارا سەيلە قىلماق راھەت ئەمەسمۇ؟
لەززەت ئەمەسمۇ؟

مۇھاجىر: نېمە؟

قىز: چەت ئەلدە جان يايرىمامدۇ؟
تەلەي قۇشى سايرىمامدۇ؟

مۇھاجىر: (ناخشا)

ئانا يۇرتنىڭ مېھرى چەكسىز دېڭىز ئەمەسمۇ؟
تاش - شېغىلمۇ ئۆز يېرىدە ئېزىز ئەمەسمۇ؟

قىز: نېمە؟

مۇھاجىر: مېھرى - ۋاپا دېڭىزى ۋەتەن،
ئېزىزلارنىڭ ئېزىزى ۋەتەن.

قىزچاقلار: (ئۆز ئارا) توغرا!

قىز: چەت ئەلگە راست كەتمەسسىز؟

مۇھاجىر: (ناخشا ئوقۇيدۇ، قىزچاقلار تاش بىلەن قوشۇقنى تەڭكەش قىلىدۇ.)

يۈرەك قەلبىم سۆيۈندى،
كۆرۈپ ئانا تۇپراقنى.
بۇندا ئۆسكەن ھەر چېچەك،
ھەر تال گىيا - ياپراقنى.

ئۆزگە يۇرتتا كىم بىلەن
كىمنىڭ ئىشى جان سىڭلىم؛
كۆردۈم ئانا تۇپراقتا
پاك پەزىلەت - ئەخلاقنى.

كەلدىم ئاران، كەتمەيمەن،
چەتتىن بەخت كۈتمەيمەن.
كۆردۈم ئانا ۋەتەنىنىڭ
ئىقبالىنى — يىراقنى.

قىزىقچىلار: (ئۆز ئارا) بارىكاللا!

قىز: (ئۆز - ئۆزىگە) تاغامنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ئانا ۋەتەندە ياشاپ، ئانا ۋەتەنىنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىمەن.

مۇھاجىر: (ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

تەڭ ئىشلەيلى جان سىڭلىم،
مەيلى ئاقسۇن قان، سىڭلىم.
گۈل - چېچەككە ئورايلى
ئېزىز ئانا تۇپراقنى!

قىز: بولىدۇ!

مۇھاجىر: يۈرۈك سىڭلىم، جاراڭلىق ناخشا بىلەن ئانا ۋەتەنىنىڭ خىزمىتىگە ئۆزىمىزنى ئاتايلى!

(ئىككى كىشىلىك ناخشا)

قارىغاچلار سايرايدۇ،
باھار پەسلى بوستاندا.
كېتىشىدۇ، تۇرمايدۇ،
قىش پەسلى—زىمىستاندا.

كەچ كۈزمۇ، قارا قىشمۇ،
مەڭگۈلۈك باھار بىزگە.
ئانا يۇرت قۇچاقىدا
بەختۇ - تەلەي يار بىزگە.

بۇ ئانا ۋەتەن قويىنى
قانچىلىك تەلەپ بىزگە؛
جان تىكىپ ئادا قىلماق
ئالىي شان - شەرەپ بىزگە.

# ھايات يولى

مىجىت تاش (ئوقۇغۇچى)

ھايات يولى ئەمەس داغدام، مۇشەققەتنىڭ داۋانى بار،
شۇ يولدا قەھرىمانلارنىڭ تۆكۈلگەن تەر - قانى بار.

ھاياتنى سەن دېمە ئاددىي، ھايات سىرلىق تېپىشماقتۇر،
ھايات دەرياسىنىڭ ئۈرغۈن ئۇلۇغ دولقۇن- قىيانى بار.

ئۆمۈرنىڭ باغىدا گۈللەر ئەبەد خۇشبۇي تۇرىۋەرمەس،
جاھاننىڭ قانۇنى شۇ دۇر، ئۇنىڭ بىركۈن خازانى بار.

ئەگەر كۆرسەڭ ھاياتلىقتا خۇشاللىق دىلرابىسىنى،
ئۇنۇتما كەينىدىن جەزمەن ئەلەملىك دەرد - پىغانى بار.

شۇڭا سەن ھەرقاچان راھەت - جاپا ئالدىدا بەردەم بول،
ھايات يولدا تۇرمۇشنىڭ تۈمەن مىڭ ئىمتىھانى بار.



# ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بايراملىرى

جۇنەيد بەكرى

ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمىدىن باشقا مىللىي بايراملىرى ئاساسەن ئىسلامىيەتتىن كەلگەن.

مىلادى 932 - يىلى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇلكېرىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تەدرىجىي ئومۇملىشىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بۇ دىن بىلەن بىللە كىرگەن دىنىي ئەقىدات، قائىدە - يوسۇن ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ ئاللىقاچان بۇ دىنغا كىرگەن مىللەتلەرنىڭ قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاما ئارىسىدا ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلىنىپ مىللىي بايرام تۈسىنى ئالغان.

## قۇربان ھېيت بايرىمى

قۇربان ھېيت — ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى تۇڭگان، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، سالا، دۇڭشياڭ ۋە باۋئەندىن ئىبارەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مىللىي بايرىمىدۇر. قۇربان ھېيت دۇنياۋى بايراملاردىن بىرى بولغاچقا، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بۇ بايرامنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ.

بۇ بايرام ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە. ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلاردا رىۋايەت قىلىنىشىچە، قۇربان ھېيت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىبراھىم خەلىلۇللادىن باشلانغان. ئىبراھىم خەلىلۇللا بىر كۈنى چۈش كۆرگەن. چۈشىدە خۇدا ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلى ئىسمائىلنى (12 ياشتا ئىدى) قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈشنى تاپشۇرغان. شۇ بويىچە ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە سۆيۈملۈك ئوغلى ئىسمائىلنى مەككىدىكى مىنا تېغىغا ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلىماقچى بولغان. ئوغلى ئىسمائىلمۇ سەممىيەت بىلەن بويسۇنۇپ، تۇرۇپ بەرگەن. شۇ ئەسنادا ئاللا تەرەپتىن: «قۇربانلىقىڭ ماڭا قوبۇل بولدى» دەپ، پەرىشتە ئارقىلىق بىر قوچقار كەلتۈرۈپ بېرىلگەن. ئىبراھىم خەلىلۇللا ئوغلى ئىسمائىلنىڭ ئورنىغا ھېلىقى قوچقارنى قۇربانلىق قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كۈن قۇربان ھېيت كۈنى قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ،

### مىللىي بايراملار

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن (مىلادى 612 - يىلى) ئىبراھىم خەلىلۇللانى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، شۇنىڭدەك قۇربانلىق قىلىش ئىشىنى «ۋاجىپ» (1) قىلىنىپ مۇسۇلمانلار ئارا تولۇق جارى قىلىنىشقا باشلىغان.

قۇربان ھېيت ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ (زۇلھەججىنىڭ) 10- كۈنى بولىدۇ. (ھىجرىيە يىلىدا بىر يىل 357 كۈن بولغانلىقتىن مىلادى ھېسابىدا ھەج ۋاقتى ھەر يىلى 11 كۈن ئالدىغا سۈرۈلىدۇ. مىلادى كالېندارى بىلەن ئىسلام (ھىجرىيە) كالېندارى ئوتتۇرىسىدا ھەر يىلى 11 كۈن پەرق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، مىلادى كالېندارى بويىچە، قۇربان ھېيتنىڭ ۋاقتى تۇراقسىز بولىدۇ. ئۆتكەن يىل قۇربان ھېيت 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بولغانىدى، بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى (شەنبە)گە توغرا كېلىدۇ. دەل ئەشۇ كۈنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ھەرەمگە بارغانلار مەككىدە ھەج تاۋاپ قىلىدۇ. قالغان مۇسۇلمانلار ئۆز جايلىرىدا بايرام ئۆتكۈزىدۇ.

ھەج قىلىش — ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر بىر ئەر - ئايال مۇسۇلمان سالامەتلىكى ياخشى، ئىقتىسادىي يېتەرلىك، يول ئامان بولغان شارائىت ئاستىدا، ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدۇ. ھەج قىلىش پائالىيىتى ھىجرىيە بويىچە 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگە قەدەر بەش كۈن داۋام قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەج قىلىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ھەج پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىسى بولغان جىددە شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە دەم ئېلىپ تازىلىق قىلىدۇ. مۇنچىدا يۇيۇنىدۇ، تىرناق، چاچ - ساقاللىرىنى ياسىتىدۇ، ئېھرام باغلاپ ئېھرام كىيىمى كىيىدۇ. يەنى ئەرلەر ئىككى پارچە ئاق رەخت بىلەن ئورىنىدۇ. بىر پارچە رەخت بىلەن بەدىنىنىڭ تۆۋەن قىسمىنى پاچاقتىمچە ئورايدۇ، بۇ «ئىزار» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر پارچە رەخت بىلەن بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئورايدۇ؛ ئاياللار بولسا، پاكىزە، ئاددىي - ساددا، پۈتۈن بەدىنىنى پاچاقلىرىغىچە ياپىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، باش ۋە چاچلىرىنى يېپىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دېلەببەيكە، ئاللاھۇممە، لەببەيكە ...» (ئاللاھ مەن ساڭا سېغىندىم) دېگەن تەلبىيەنى ئوقۇپ، مۇقەددەس مەككە شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. جىددە بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقى 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار مەككىگە بېرىپلا مەسچىتى ھەرەمگە كىرىپ، كەئبە (بەيتۇللا)نى يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. كەئبىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى «ھەجرۇلئەسۋەت» ناملىق قارا تاشنى سىلايدۇ ۋە سۆيىدۇ، ئادەم بەك كۆپ بولغاچقا، بۇ ئىشنى چەكلىك ئادەملەرلا ئورۇنلىيالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەيتۇللانىڭ يېنىدىكى «ماقامى ئىبراھىم» (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرغان جايى) غا بېرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ، زەمزەم سۈيى ئىچىدۇ. سافا ۋە مەرۋە دەپ ئاتالغان ئىككى تاغ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم يىنىشلاپ يۈگۈرەيدۇ، ئاراپات تېغىغا يىغىلىدۇ. بۇ ھەج پائالىيىتى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ يىغىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇ يەردە تۈنەپ، تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇزدەلىپە دېگەن جايغا كېلىپ، دۇئا - تالاۋەت قىلىپ، بۇ يەردە شەيتانغا ئېتىش ئۈچۈن تاش تېرىپ، تاڭ ئېتىشنى كۈتىدۇ. ھېيت قۇر-

(1) ۋاجىپ — ئىسلام دىنىدىكى سەككىز ئەمەلنىڭ ئىككىنچىسى. ئىسلام دىنىدىكى سەككىز ئەمەل: پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ، مۇباھ، مەكرۇھ، ھارام، مۇستەكرەدىن ئىبارەت.

بان ئېيىنىڭ 10 - كۈنى ئەتىگەندە مىنا تېغىغا كېلىپ، شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېھرام كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئۆز كىيىملىرىنى كىيىپ، ھەر بىر كىشى بىردىن بىر نەچچىگىچە مال سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ. ئاخىرىدا، كەئبە (بەيتۇللا) غا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، كەئبىنى تەكرار ئايلىنىپ، ۋىدالىشىش زىيارىتى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەج مۇراسىمى ئاياغلىشىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار «ھاجى» دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھەج قىلغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن كېيىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن ئىككىنچى مۇقەددەس شەھەر — مەدىنىگە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنى زىيارەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ھاجى ھەرەمەيىن» (ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلغان ھاجى) دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. دەل قۇربان ھېيتىنىڭ 10 - كۈنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغۇچى مۇسۇلمانلار (جۈملىدىن ئېلىمىزدىكىلەرمۇ) ئۆز جايلىرىدا ھېيت قىلىدۇ. چوڭ جامە ۋە كەڭتاشا دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرىغا يىغىلىدۇ. بۇ يەرگە بارغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە ئورۇندا توختاپ «ئاللاھۇئەكبەر» (ئاللاھ ئۇلۇغ) دەپ تەكرار تەكبىر ئېيتىدۇ. ناماز ئوقۇيدىغان جايغا بارغاندىن كېيىن قىبلىگە قاراپ، ئىككى رەكەت قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ «ئايەملىرىڭگە مۇبارەك بولغاي» دەپ كۆرۈشۈپ بىر - بىرىنى مۇبارەكلەيدۇ. كەمبەغەل، غېرىپ-غۇرۋالارغا پۇل، مال سەدىقە بېرىدۇ. ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىپ قۇربانلىققا ئاتاپ ھازىرلىغان ماللىرى (تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلار) نى سويۇپ قۇربانلىق قىلىشىدۇ. بۇ كۈنى ئەتىگەندە، تاماق يېمەي روزا تۇتۇپ، ھېيت نامىزىدىن يانغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلغان مالنىڭ گۆشى بىلەن ئېغىز ئېچىپ (ئىپتار قىلىپ) ئاندىن تاماق يەيدۇ.

ئادەتتە قۇربانلىق قىلغان كىشى قۇربانلىق قىلغان مالنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ جامائەتكە ئاتاپ داستىخان ھازىرلايدۇ. ھېيتلاپ كىرگەنلەر ئۇنىڭغا ئېغىز تېگىدۇ. بەزى جايلاردا، قۇربانلىق قىلغان مالنىڭ گۆشىنىڭ بىر قىسمىنى پىشۇرۇپ، مەھەللە - جامائەتنى ئالاھىدە ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ يەتە قىلدۇرىدۇ. بىر قىسمىنى غېرىپ - غۇرۋالارغا نەزىر قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خىلمۇ - خىل نان - توقاچ، ساڭزا، سامبۇسا، بوغۇرساق، پوشكال، قويماق، پىچىنە، باقالى، تورت ۋە تۈرلۈك قەنت - گېزەك، مېۋە-چېۋىلەر بىلەن داستىخان ھازىرلايدۇ.

ئادەتتە ھېيت يېقىنلاشقان مەزگىللەردە، ھەر بىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى رېمونت قىلىپ، ئۆي - بىساتلىرىنى قېقىپ تازىلاپ، تام - تورۇسلىرىنى ئاقارتىپ، ئىشىك ئالدى ۋە كوچىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ ئادەتتىكىدىن پاكىزە ۋە رەتلىك قىلىپ زىننەتلەيدۇ. كىيىم - كېچەك، كىر - قاتلىرىنى يۇيىدۇ، كونىلىرىنى يامايدۇ، ھېيتلىق يېڭى كىيىملەرنى تىكتۈرىدۇ، شەخسىي تازىلىقلىرىنى قىلىدۇ. قىسقىسى، ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىملىق چوڭ تازىلىق ھەرىكىتى ئورۇنلىنىدۇ.

قۇربان ھېيتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى — ھېيت پەتىسىدىن ئىبارەت. يىلدا بىر كېلىدىغان بۇ ھېيتتا، يالغۇز ئەھلى - جامائەت، قوشنا - قولۇم، ئۇرۇق - تۇغقان، جەددى - جەمەت ۋە دوست - يار، ئاغىنىلەرلا ھېيتلىماستىن، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ھېيتلاپ كېلىدۇ. ساھىپخان بولغان كىشى بۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مېھماندوستلۇق قائىدىسى بويىچە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆز ئارا قىزىرىشىپ ياكى جېدەل - ماجىرا قىلىشىپ بىر - بىرى بىلەن

ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ ھېيت – ئايەم مۇناسىۋىتى بىلەن ئاداۋەتنى تاشلاپ، ئۆز ئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ ۋە بىر – بىرىنىڭ ئۆيىگە پەتە قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ، بىر – بىرى بىلەن يارىشىپ، ئىتتىپاق بولۇپ كېتىدۇ. خىزمەت ئالدىراشلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئۇزۇن زامان بىر – بىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگەن ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل – ئاغىنىلەرمۇ ئارىلىقىنىڭ يىراق-يېقىنلىقىغا قارىماي، ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بىر – بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېيتلىشىدۇ، تىنچلىق سوراپ، ھال – مۇڭدىشىدۇ. قىز – يىگىتلەرمۇ بىر – بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېيتلايدۇ ۋە سوۋغا – سالام قىلىشىدۇ. دېمەك، قۇربان ھېيت ئەنە شۇنداق ئۆز ئارا چۈشىنىش، دوستلۇق ئىتتىپاقلىق بايرىمى بولۇپ قالىدۇ. ئومۇمەن بۇ ھېيتتا، ھەممە كىشى خۇشال – خۇرام كەيپىياتقا چۆمىدۇ.

ھېيت كۈنلىرى شەھەر ۋە يېزىلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ پەشتاقلىرىدا ياكى ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاھىدە تەييارلانغان ۋاقىتلىق سورۇن مەيدانلاردا ناغرا – سۇناي ياڭراپ، كىشىلەر ساما سېلىپ، ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

ساما – ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل سەنئەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادەتتىكى ئۇسسۇللاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئادەتتە بىر ياكى ئىككى كىشى كۆپ دېگەندە بىر قانچە كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانسا، ساما نۇرغۇن كىشى ھەتتا نەچچە يۈز كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ. ساما سالغان ھەر بىر كىشى ئۆز دائىرىسىدە، ناغرا – سۇنايغا كەلتۈرۈپ ۋە بىر – بىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، گاھى ئوڭ، گاھى سول قولىنى كۆتۈرۈپ ياكى ئالدى – ئارقىغا نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ، بىر خىل رېتىملىك ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. پۈتۈن مەيداندا ساماغا چۈشكەن شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئاياق ۋە قول ھەرىكەتلىرى بىردەك بولۇپ، بىر خىل رېتىملىك دولقۇنسىمان ئايلانغانلىقى ئادەمنى گويا بىرلا كىشى ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ.

جەنۇپتا قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلاردىمۇ پەشتاق ياكى مەخسۇس سورۇنلاردا ناغرا – سۇناي ياڭراپ ئۇسسۇل – سامالار قاينايدۇ. شىمالىي شىنجاڭنىڭ غۇلجا تەرەپلىرىدىمۇ، شۇنداقلا قۇمۇل ۋە تۇرپان تەرەپتىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئومۇمەن ئۇيغۇرلار كۆپرەك جايلاشقان جايلاردا ھېيت بايراملىرى باشقىچە قىزىيدۇ ۋە ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ ھېيتتا «شىنجاڭ سەنئەت ماكانى، ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت خۇمار خەلق» دېگەن ئىبارە ئەمەلىيەتتە جانلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

## روزى ھېيت بايرىمى

روزى ھېيتمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان تۇڭگان، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، دۇڭشاڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي بايرىمى، ھەم پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى. بۇ بايرامنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۆزىگە خاس ئۇسسۇل ۋە شەكىللەر ئارقىلىق زور تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

روزا – ئەسلى پارچە سۆز بولۇپ، «كۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىن بۇ، روزا تۇتۇش مەنىسىدە قوللىنىلغان. ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرى بويىچە روزا تۇتۇش – ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى دەپ ئاتالغان بەش پەرزنىڭ بىرى. ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە ھەر يىلى 9 – ئاي «رامىزان ئېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. رامىزان ئېيىنى مۇسۇلمانلار 12 ئاي ئىچىدە «سائا-

دەتلىك» ۋە «ئەڭ قەدىرلىك» ئاي دەپ ھېسابلايدۇ. ئىسلامىيەت مەنبەئەلىرىنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىسلامىيەت تەرغىباتىغا كىرىشىشتىن بۇرۇن، ھەر يىلى رامىزان ئېيى كەلگەندە، مەككىدىكى ھىرا تېغىغا چىقىپ، ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىپ، ئىسلامىيەت تەرغىباتى ئۈچۈن چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزگەن. ئۇ، 40 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا، ھىجرىيىدىن 12 يىل بۇرۇن (مىلادى 610 - يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ بىر كېچىسى تۇنجى قېتىم، ئىسلام دەستۇرى «قۇرئان» ئايەتلىرىنى ۋەھى تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. قۇرئاننىڭ تۇنجى قېتىم مۇشۇ رامىزان ئېيىدا ۋەھى تەرىقىسىدە نازىل بولغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ھىجرىيىنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 624 - يىلى) رامىزان ئېيى روزا تۇتىدىغان ئاي قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئىسلام دىنى بەلگىلىمىسى بويىچە بۇ ئايدا ئاقىل، بالىغ ① بولغان ھەر بىر مۇسۇلمان بىر ئاي روزا تۇتىدۇ. ئەگەر مەلۇم ئۇزرە بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تۇتالمىسا، كېيىن قازاسىنى تۇتۇپ تولۇقلىسىمۇ ياكى تۇتالمىغان روزىنىڭ بەدىلىگە سەدىقە بەرسىمۇ بولىدۇ. كېسەللەر، سەپەر ئۈستىدىكىلەر، ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار تۇتمىسىمۇ، ئۇزرە تۈگىگەندىن كېيىن قازاسىنى تولۇقلاپ ئادا قىلىسىمۇ بولىدۇ.

روزا تۇتۇش يېڭى چىققان ئاينى كۆرۈشنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي كلاسسىكلىرىدىن بولغان «ھەدىس» تە: «سىلەر يېڭى ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇپ، يېڭى ئاينى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار» ② دەپ كۆرسىتىلگەن. روزا تۇتقان ئادەم رامىزان ئېيىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن زولۇق (سوھورلۇق)قا قوپۇپ تاماق يەپ، روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ، يېمەك - ئىچمەك، جىما قاتارلىقلاردىن خالى بولىدۇ. كەچقۇرۇن كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر يۇتۇم سۇ، ياكى تۇز ۋە ياكى ھۆل مېۋە بىلەن ئىپتار قىلىپ (ئېغىز ئېچىپ) ئاندىن تاماق يەيدۇ. ئادەتتە بىر ئاي روزىدا ياخشى ئوۋقەتلىك تاماق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى ئۆز ئارا ئىپتارغا چىللاپ، بىر - بىرىنى مېھمان قىلىدۇ. مەسچىتلەردە بولسا، تەقۋادار مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيى ئىچىدە ناماز خۇپتەندىن كېيىن «تاراۋىھ» نامىزىنى قوشۇپ ئوقۇيدۇ. شەرت - شارائىتى يار بەرگەن مەسچىتلەردە «تاراۋىھ» نامىزىدا قارىيلارنى تەكلىپ قىلىپ قارىيلار تەرتىپىدىن 30 پارە قۇرئان باشتىن - ئاياق يادقا ئوقۇيدۇ. بۇ «خەتمە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە روزا 30 كۈن تۇتۇلىدۇ. روزا تۇتۇش رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى تاماملىنىپ، 10 - ئاينىڭ (شاۋۋالنىڭ) 1 - كۈنى ئىسلام دىنىنىڭ روزا تۇتۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئادا قىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن روزى ھېيت بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ دىنىي بايرام ئاللىقاچان ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام تۈسىنى ئېلىپ، مىللىي بايرام بولۇپ قالغان.

ئادەتتە، روزى ھېيت بايرىمى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن كىشىلەر ھېيت تەييارلىقىنى كۆرىدۇ، تازىلىق قىلىدۇ. بۇ، قۇربان ھېيتتا كۆرۈلىدىغان تەييارلىققا (قۇربانلىق قىلىشتىن باشقىسى) ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. روزى ھېيتمۇ زور دەبدەبىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

---

① بالىغ — ئەرەبچىدە يېتىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلامىيەت قائىدىسىدە، ئادەم يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئىبادەت بويىچە بالاغەتكە يەتكەن بولىدۇ، نىكاھلىنىشتا بولسا، جىمائىي جەھەتتىن يېتىلىش بالاغەت ھېسابلىنىدۇ. ② «ھىدايەت شەرىپ»، 1299 - ھىجرىيە، ھىندىستان «مۇستەپا» مەتبەئەسى، 193 - بەتكە قارالسۇن.

روزى ھېيتنىڭ 1 - كۈنى كۈن ئۆرلىگەندىن تارتىپ چاشكا ۋاقتىغىچە جامائەت توپلىنىشىپ، ئىككى رەكەت روزى ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ، دۇئا - تەكبىر قىلىشىدۇ. نامازدىن يانغان جامائەت بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، بىر - بىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەيدۇ. كەمبەغەل، غېرىپ - غۇرۋالارغا پۇل - مال سەدىقە بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىدە، روزا تۇتقان ھەر بىر ئادەم ئۆز ئائىلىسىدىكى جان سانىغا قاراپ، بىر جانغا بىر جىڭ تۆت سەر ئۇن ياكى شۇنىڭ بەدىلىگە پۇل سەدىقە بېرىدۇ. بۇ «سەدىقە پىتىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجداد - ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى يوقلاپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن توپ - توپ بولۇپ ياكى ئايرىم ھالداھېيتلايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ھىجرىيە كالېندارى بىلەن مىلادى كالېندارىنىڭ ھېسابلاش ۋاقتىپەرقلىق بولغانلىقتىن مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتىدىغان رامىزان ئېيى گاھى ئىسسىق، تومۇز ئايلىرىغا توغرا كەلسە، گاھى قىش - زىمىستان ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ. 1983 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى روزا تۇتۇلۇپ، روزى ھېيت 7- ئاينىڭ 12 - كۈنىگە توغرا كەلگەن. 1984 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى روزا تۇتۇلۇپ، روزى ھېيت 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە، 1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى روزا تۇتۇلۇپ، روزى ھېيت 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە توغرا كەلگەن ئىدى. ئەمدى بۇ يىل (1986 - يىلى) بولسا، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى روزا تۇتۇلۇپ روزى ھېيت بايرىمى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگە يەنى تازا ئىسسىق كۈنلەرگە توغرا كەلدى. 2000 - يىلىغا بارغاندا، 11 - ئاينىڭ 28 كۈنى روزا تۇتۇلۇپ، روزى ھېيت بايرىمى12 - ئاينىڭ28 - كۈنىگە يەنى تازا سوغاق كۈنلەرگە توغرا كېلىدۇ.

رامىزان ئېيىدا كىچىسى باللار ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ «رامىزان قوشاقلىرى» نى ئېيتىدۇ.

## رامىزان قوشاقلىرى

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭگە،
خۇدايىم بالا بەرسۇن بۆشۈكۈڭگە.

رامىزانۇ - رامىزان ئاللاھۇ شەھرى‌رامىزان
پەيغەمبەر ئۈممەتىگە شەر رامىزان.

بۇ رامىزان ھەر يىلى بىر كېلىدۇ،
شۇ قەدرى كېچىسى ھەم بىر كېلىدۇ.

روزىنىڭ ئونى كۈنى قەدرى كۈنى،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ قېنى؟

دەرۋازاڭنىڭ ئارقىسىدىن ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئۆيدىن ئۈشبۇ ئۆي باي كۆرۈنەر.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا قاتار - قاتار قويىنىڭ ئىزى،
بىزگە بىر پاقلان بېرىڭ بايىنىڭ قىزى.

رامىزاندا ئۆلتۈرگىنىڭ بوز - ئالا قوي،
گۆشىنى ئۆزەڭ يېسەڭ تۆشىنى قوي.

ئەگەر ئۆي ئىگىلىرى ۋاقتىدا چىقىپ، رامىزان ئېيتىپ كەلگۈچىلەرگە ئاش، نان، پۇل قاتارلىق بىر نەرسە بەرمىسە، باللار ئۆي ئىگىلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم كەمچىلىكلىرىنى زاڭلىق قىلىش، مەسخىرە قىلىش خاراكتېرىدىكى قوشاقلارنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدا چاقچاق كەڭ ئورۇن ئالىدۇ.

مەسىلەن:

ئاق توخۇ ئاپپاق توخۇ ئەركەك - چىشى،
خويمۇغۇ ئېرىنىدۇ مەزلۇم كىشى.

قويۇڭ كېلۇر قوزىلاپ، تۆگەڭ كېلۇر بوزىلاپ،
ئون كۈن ئۆتتى رامىزانغا، ۋاقتى كەتتى ئۆزىراپ.

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدا قاتار-قاتار قوينىڭ ئىزى،
سۇ دېسە شەربەت بېرۇر تازىنىڭ قىزى.

قوزىقىڭنى ئۇ يەرگە قاق، بۇ يەرگە قاق،
تاغىرىڭدا ئۇن بولمىسا، سۇپىراڭنى قاق.

بۇ خېنىم ئۇخلايدىكەن خاررا - خۇرا،
سۇپىرىسىنى ئىتلار تارتۇر تاررا- تۇرا.

ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغى ئالتۇن ئىكەن،
ئاڭلىساق ئۆي ئىگىسى ئاخۇن ئىكەن.

بېلىقلار ئويناشىدۇ كۆلچەكىدە،
خېنىم ئايلام ئاش بېرىدۇ چۆچەكىدە.

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدا لوقاق (1) ئوتتۇن،
بىزگە تېخى نان بەرمىگەن پوقاق خوتۇن.

قونىدىقىڭدا توخۇلار قاقاقلايدۇ،
پىخسىق خوتۇن نان بەرمەي ۋالاقلايدۇ.

رامىزان قوشاقلىرىنىڭ يەنە مۇنداق ۋارىيانتلىرىمۇ بار:

بۇ روزا ئوتتۇز ئىكەن مېھمانىكەن،
روزىنى تۇتمىغانلار ھايۋانىكەن.

ئاسماندىن ئەيسا چۈشسە مۇسا قېنى،
بۇلتۇرقى مۇسۇلمانلار بۇ يىل قېنى؟

بۇ روزا ئۆتۈپ يەنە روزا كېلۇر،
كىم ئۆلۈپ كىم قالىدۇ ئاللا بىلۇر.

بۇ ئالەم گويا بىر كەپتەرخانىدۇر،
بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ قونادۇر.

روزا تۇتتۇم جان ئۈچۈن، كېچە قوپتۇم گال ئۈچۈن،
تۇتماي دېسەم قورقىمەن، گۆردە توخماق بار ئۈچۈن.

## مەۋلۇد بايرىمى

مەۋلۇد بايرىمى — مۇسۇلمانلار ئارىسىدا نۇقۇل دىنىي نۇقتىئىنەزەر بىلەنلا ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي بايرام. مەۋلۇد — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، تۇغۇلغان ۋاقىت دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كەلگەن خاتىرە كۈنىدۇر. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ قەدىمىي شەمسىيە كالېندارى بويىچە، پىل ۋەقەسى ② نىڭ بىرىنچى يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل (3 - ئاي) نىڭ 9 - كۈنى دۈشەنبە (مىلادى 571 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) ئەتىگەندە تۇغۇلغان. مەۋلۇد بايرىمى ئاساسەن مۇشۇ كۈنى بولىدۇ. بۇ بايرام ھەققىدە «مەۋلۇد شەرىپ» ناملىق بىر كىتاب نەشر قىلىنغان. مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار جۈملىدىن مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر) مۇشۇ كىتابتا كۆرسىتىلگىنى بويىچە بۇ بايرامنى پۈتۈن بىر ئاي ئىچىدە خاتىرىلەپ ئۆتكۈزىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ بايرامنى ھەممە مۇسۇلمانىنىڭ بۇ بىر كۈن ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ بولالمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇشۇ رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنى «مەۋلۇد ئېيى» قىلىپ بەلگىلەپ، مۇشۇ ئاينىڭ قايسى كۈنى، قايسى سائىتىدە بولمىسۇن بۇ مەۋلۇد بايرىمىنى ئۆتكۈزسە دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بىردەك قارارلاشتۇرغان. شۇنىڭغا بىنائەن پەيغەمبەر تۇغۇلغان

(1) لوقاق — ياڭتاقنىڭ يېنىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، دېھقانلار ئوتۇن ئورنىدا قالايدۇ.
② پىل ۋەقەسى — مەككىدە يۈز بەرگەن مەشھۇر ۋەقە بولۇپ، ئەرەبلەر بۇ ۋەقەنى تارىخ بېشى قىلىۋالغان. «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 10 - بەتكە قارالسۇن.

مۇشۇ رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 9-كۈنى شاراپىتى بىلەن پۈتۈن بىر ئاينى قەدىرلەپ ئۆتكۈزۈش ئادەت بولۇپ قالغان.

مەۋلۇد بايرىمى بەزى جايلاردا بىر مەھەللە ياكى بىرەر مەسچىتنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىزدە تولا ھاللاردا، تەقۋادار كىشىلەر مۇشۇ ئاي ئىچىدە مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ، ئۆز ئائىلىسىدە زىياپەت ھازىرلاپ، جامائەتنى تەكلىپ قىلىپ، مەۋلۇد مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مەۋلۇد ئوقۇتىدۇ. مەۋلۇد مۇراسىمى مەيلى كوللېكتىپ ھالدا، ياكى ئائىلىلەردە ئۆتكۈزۈلمىسۇن ئەتىر - ئىسپارغا ئوخشاش خۇشپۇراق بۇيۇملار چېچىلىپ مەۋلۇد ئوقۇلىدۇ، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى، نەسەبنامىسى، تەرجىمىھالى، تۇرمۇشى، ئىش پائالىيەتلىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى مەدھىيە، مەرسىيە، قەسىدىلەر ئوقۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەۋلۇد مۇراسىمى تاماملىنىدۇ.

## بارائەت بايرىمى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن بىرى بارائەت بايرىمىدۇر. بۇ بايرام ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە ھەر يىلى شەئبان ئېيىنىڭ (8 - ئاينىڭ) 14 - كۈنى تاماملىنىپ، 15 - كۈنى كىرىدىغان ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ، «تۈنەك ئاخشىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنداقلا ئادەتتە كىشىلەر «قاپاق كۆيدۈرۈش بايرىمى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئىسلامىيەت ئېتىقادىچە، بۇ، يىللىق ھېسابات ئايرىش، گۇناھلاردىن تازىلىنىش كۈنى بولۇپ، تەقۋادار مۇسۇلمانلار بۇ كۈنى كېچىدە تۈنەپ، تائەت ئىبادەت قىلىپ، تۆۋە - ئىستىغفار ئېيتىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان، ئائىلىسىدە ياغ پۇرىتىپ، پوشكال - قۇيماق سالىدۇ. چوڭلار ئۆز خىلى بويىچە ئەر - ئايال ئايرىم ئۆيلەرگە يىغىلىپ، تۈنەپ تەلەپ قىلىپ چىقىدۇ. ياشلارمۇ ئون نەچچىدىن كىشى بىر سورۇنغا يىغىلىپ، بىرەر مالنى سويۇپ، ئولتۇرۇش قىلىدۇ. ناخشا - ساز، تەلقىن - غەزەللەر بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. سويغان مالنىڭ گۆشىدىن باراۋەر تەمىنلىنىدۇ. چىقىمىنىمۇ باراۋەر تۆلەيدۇ. بۇنى ئادەتتە «باراۋەت» ياكى «بارائەت» دەپ ئاتايدۇ. ئاندىن چوڭلار ۋە ياشلار ئايرىم، ئىختىيارىي ھالدا ئۆز ئەجداد، ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىستانلىرىغا، مازارلارغا يىغىلىپ، تۇغ - ئەلەملەرنى قاداپ، دۇئا - تەكبىر قىلىشىدۇ. ئۆسمۈر - بالىلارمۇ ئاخشىمى ئۇخلىماي، ياغلىق قاپاقلارنى ئۇزۇن خادا ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلاپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ مەشئەل ئورنىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ:

«بارائەت ئۇلۇغ ئايدۇر،
ئويغاقلارغا جەننەت جايدۇر،

بارات كەلدى بۈگۈن كېچە،
ئۇخلىماڭلار تاڭ ئاتقىچە.

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
قازانغا ياغ قۇيدۇڭلارمۇ؟

پوشكال - قۇيماق سالدىڭلارمۇ،
بىزگە ئاتاپ قويدۇڭلارمۇ؟»

دېگەندەك بارائەت قوشاقلىرىنى ئېيتىپ سەيلە- تاماشا قىلىدۇ.




(باللاردا)

**ماخمۇد مۇھەممەد**

گۈلچاي تۇتۇپ تۇردمەن مانا،
كۆزلىرىمدىن تۆكۈلۈپ ئىسسىق ياش.
قايغۇ- ھەسرەت يېشى ئەمەس بۇ،
شاتلىق يېشىم، بىلىپ قوي يولداش.

ئاتام دېدى: ئوغلۇم، بۇ گۈلچاي،
يارىشىقى مۇشۇ مەشرەپنىڭ.
تۇتتۇم ساڭا ئۇنى قوش قوللاپ،
كۆز ئالدىدا جامائەت، سەپنىڭ.

خاسىيەتلىك ئۆمۈر يولىدا،
ئون يەتتىنچى قەدەمنى باستىڭ.
سورۇنىغا ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ،
كەلدى ئەمدى قوشۇلار ۋاقتىڭ.

بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق پەيتنى
كۈتكەن ئىدىم زارىقىپ ئۇزۇن.
يەتتىم شۇ دەم مۇرادقا تولۇق،
ئالغاچقا سەن مەشرەپتىن ئورۇن.

ئوتتۇز ئوغۇل ئالقىشلاپ توگەل،
ئالدى سېنى بۇ دەم سېپىگە.
بولغىنىڭدا مەشرەپ يىگىتى،
قۇلاق سالغىن ئاتاڭ گېپىگە.

ئوغۇل تاپسا مەشرەپكە بەرمەك،
ئەجدادىمىز قالدۇرغان مىراس.
بىراق مېنىڭ بۈگۈنكى كۈلكەم،
ئەمەس پەقەت بۇنىڭخىلا خاس.

بىلكى بالام، ئۇلۇغ خاسىيەت
پۈتۈلگەندۇر بۈگۈنكى ئىشقا.
چىك تۇتاشقان مۇشۇ شاتلىقىم،
قىرىق بىر ياز، قىرىق بىر قىشقا.

بۇندىن قىرىق بىر يىل مۇقەددەم،
دەل مۇشۇنداق بىر مەشرەپ كۈنى؛
بىر ئۇلۇغ زات قىلغانتى تەكلىپ،
ئىززەت بىلەن گۈلچايغا مېنى.

ئۇ، گۈلچاينى تۇتقاندا ماڭا،
ئېيتتى ئاۋۋال ھاۋادارلىقنى.
ئىككى قوللاپ ئېلىپ گۈلچاينى،
دىلغا چەكتىم نۇرلۇق سىمانى.

ھەم جاۋابەن جۇشقۇن ئاھاڭدا،
ئىككى قوشاق ئېيتتىم سادىردىن.
دېدى ئۇ زات: دىيارىمىز يىگىت،
ئۈلگە ئېلىڭ ئەشۇ باتۇردىن.

ناخشىڭىزنى ئاڭلىدىم بۈگۈن،
داڭقىڭىزنى كۆپتىن ئاڭلايمەن.
ئەلگە ياققان ناخشىچىكەنسىز،
مانا بۈگۈن مەنمۇ داڭلايمەن.

ئېيتىڭ يەنە، ئاڭلاپ باقايلى،
ناخشىڭىزنى بۇ كەڭ سورۇندا.
بىر گېپىمنى دەۋالاي بىراق،
ئالدى بىلەن مۇشۇ ئورۇندا:

مۇشۇ گۈلچاي، مەن ئۈزگەن گۈلچاي،
ئوغلىمىزغا يەتسۇن كەلگۈسى.
سىزدەك چەۋەر ناخشىچى بولۇپ،
ئەلنى ئۇ شاد ئەتسۇن كەلگۈسى.

مەشرەپىمىز ئۈزۈلمەي ھامان،
ئەۋلادلىرى بارسۇن ئۇلغىيىپ.
سەنئىتىمىز، مەشرەپىمىزگە
ھۆسۈن بەرسۇن، كەمنى تولدۇرۇپ.

مەن تىلەيمەن: مۇشۇ گۈلچاينى
ئوغلىڭىزغا ئۆتارسىز بىر كۈن.
قوشۇپ ئوتتۇز ئوغۇل سېپىگە،
تىلىكىمنى ئېيتارسىز بىر كۈن.

بۇ گېپىمنى چاقچاق دەپ بىلمەڭ،
بىلىڭ، يۈرەك سۆزۈمنى قىلدىم . . .»
شۇندا ئوغلۇم، يىغلىدىم جىمۇ،
يۇرت ئالدىدا جەزمەن يىغلىدىم.

ھاياجاندىن تىترەپ ئۈنلىرىم،
ۋەدە بەردىم رەئىس ئاتامغا:
— بۇ ئامانەت گۈلچاينى رەئىس،
تاپشۇرىمەن جەزمەن بالامغا!

ناخشا كۆزۈم ئېچىلدى شۇ كۈن،
بۇلاق بولۇپ ئاقتىم روھلىنىپ.
قىرىق بىر يىل ئۆتتى ... شۇ دەمدىن،
ئۈمىدتىن گۈل تاقتىم روھلىنىپ.

مانا بۈگۈن قېتىلدىڭ سەپكە،
يالغۇز ئوغلۇم، كەنجى پەرزەنتىم.
ئاسراپ سېنى كۆز قارچۇغۇمدەك،
مۇشۇ كۈنگە يەتكۈزۈپ كەلدىم.

ئۇخلىمىدىم ئاخشام تۈنبويى،
كۈتتۈم مۇشۇ قۇتلۇق مىنۇتنى.
ئېچىلدۇردۇم ئۆمرۈم تاجىسى —
ئارمىنىمنى، ئۇلۇغ ئۈمىدنى.

مانا ئوغلۇم مەشرەپ — مەكتىپىڭ،
ئۆگىنىسەن بۇندا ئەخلاقنى.
ھەم ياقىسەن ئۆچۈرمەي ئەمدى،
بوۋاڭ، ئاتاڭ ياققان چىراقنى.

ئالغىن بالام گۈلچاينى قولغا،
ئەخمەدجاننىڭ نامىدىن ئۆتتۈم.
تاپشۇراي دەپ بۇ ئامانەتنى،
قىرىق بىر يىل تەقەززا كۈتتۈم.

ئالغىن بالام گۈلچاينى قولغا،
ئەخمەدجاننىڭ گۈلچىيىدۇر بۇ.
گۈلچاي ئەمەس، ئەۋلادتىن كۈتكەن
تىلىكى بۇ، يۈرىكىدۇر بۇ.

ئالغىن بالام گۈلچاينى شۇدەم،
ناخشا ئېيتقىن ئاتاڭدىن ئېشىپ.
ئوتتۇز ئوغۇل ئېيتسۇن ئاپىرىن،
يۈرەكلەرنىڭ بەھرىنى ئېچىپ.

توۋلا بالام تۇتۇپ قۇلاقنى،
سادىر ئېيتقان ئوتلۇق ناخشىنى.
ئەخمەدجانغا مەن مۇڭ تەككۈزگەن،
شۇ مەردانە، قۇتلۇق ناخشىنى . . .

ئاتام سۆزلەپ تىنىدى بىر چاغدا،
ھاياجاندا تىكىلدى ماڭا.
مەرغۇللىتىپ ناخشا باشلىدىم،
شاتلىقىمدا باققانچە ئاڭا.

ناخشا ئېيتتىم گۈلچاينى ئېلىپ،
گۈلچاي ئەمەس ئالغىنىم ئالتۇن.
ئالتۇندىنمۇ مىڭ ھەسسە ئېسىل،
ئۇ بىر يۈرەك، چاچار نۇر، يالقۇن!

ئۇ يۈرەكتۇر رەئىس يۈرىكى،
ئۇ تىلەكتۇر رەئىس تىلىكى.
ئۇنى قۇچۇپ ئېيتقاندا ناخشا،
مەڭگۈ تالماس ۋارىس بىلىكى.

رەئىس ئاتام بولغاي خاتىرجەم،
ئۈزۈلمەيدۇ گۈلچاي سەپىرى.
ئۆتماقچىمەن ئوغلۇمغا مەنمۇ،
شۇ گۈلچاينى كۈنلەرنىڭ بىرى.

رەئىس ئۈزگەن شۇ قۇتلۇق گۈلچاي،
قولدىن ـ قولغا ئۆتىدۇ ئەبەد.
بۇ قىسمەتنى مەشرەپ ئەۋلادى،
تارىخقا پۈتىدۇ ئەبەد.



# قاراقۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆرپ-ئادەتلىرى

نىزامىددىن ھۈسەيىن

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## ئىستېمالچىلىق ئادەتلىرى

قارا قۇرۇملۇق ئۇيغۇرلار ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، گۆشتىن تەييارلىنىدىغان نان، ياغ نان، گۆش نان، قاتلىما، قازان كۆمىچى، چەت، گۆش سامسا، گۆش مانتا، گۆش چۆچۈرىسى، چوختىدەك (سۈتكە چىلاپ ياغ بىلەن پىشۇرۇلىدىغان بىرخىل نان)، ئۆگرە، چۆپ، پۈتەك (قوناق ئۇنى بىلەن گۆشتە يۇغۇرۇلغان بىرخىل ئاش)، زاڭ (جوتاڭ)، بۇلۇماق، چېچىلماق (سۇ قويماي ياغدىلا پىشۇرۇلىدىغان قويۇق ئۇن ئېشى)، بوغۇرساق، قۇيماق، سوغات (ئايران بىلەن پىشۇرۇلىدىغان سۇيۇق ئاش) قاتارلىق تاماقلارنى ئىستېمال قىلىدۇ. ھەرتۈرلۈك ئۆپكە-ھېسىپلەر، شورپا، سېرىق ياغ، قۇرۇت، ئىجىگەي (تاتلىق قۇرۇت)، ئەگىدەك (ئېرىمچىك)، قايماق، سۈت، ئايران، قېتىق، سۈزمە قاتارلىق يېمەكلىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. كاۋاپ تۈرلىرىمۇ كۆپ. بۇخىل تائام ۋە يېمەكلىكلەر ھەرقايسى ئۆيلەرنىڭ ئۆزلىرىدە تەييارلىنىدۇ. سەۋزە، پىيازسىز ياغ، گۆش ئىچىدە قورۇماي ئېتىلگەن پولو، مېزدىلىك پىشۇرۇلغان گۆش، شورپا، ھەرخىل كاۋاپ، ياغ نان، قاتلىمىلار، ئاساسەن مېھمان تاماقلىرىدۇر. قېرىلار ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار، بالىلار ئۈچۈن يۇقىرىقى يېمەكلىكلەر ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەت بويىچە پەرقلىق تەييارلىنىدۇ. ئۆسۈملۈك يېغى ئاز ئىشلىتىلىدۇ. بىر پاخلاننىڭ گۆشى ئۇششاق پارچىلىنىپ قېرىنىغا سۇسىز، تۇزدىن باشقا نەرسە قويۇلماي قاچىلىنىپ، قوغاسقا كۆمۈلۈپ پىشۇرۇلىدىغان «قېرىن كاۋىپى» بۇ يەرنىڭ ئەڭ مېزىلىك تامىقىدۇر. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئات، تۆگە، توخۇ، ئۆدەك، توشقان، بېلىق گۆشلىرىنى يېمەيدۇ. ھەر تۈرلۈك كۆكتاتلارنى، دورا-دەرمەكلەر، ئاچچىقسۇ، مۇچ، سامساق قاتارلىق نەرسىلەرنى، كۆكتات تەسىرى بار تاماقلارنى يېيىشكە، ئېتىشكە ئادەتلەنمىگەن. جىگدە، گۈلە قاق، پورچاق، نوقۇت سېلىپ تاماق ئېتىدىغان ئائىلىلەرمۇ بار. ئاساسەن يېرىك ئاشلىق (قوماچ، كوجا، پاقپاقلار) يېيىلمەيدۇ. چاي قاينىتىپ ئىچىش ئادە-

## ئۆرپ-ئادەتلەر

تى يوق. پۈتۈن ئادەم سوغۇقسۇ بىلەن يېيىلىدۇ. تاماق ئاز ياكى قاچا يېتىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەر قانداق تاماق بىر نەچچە كىشىگە بىر تاۋاقتا بېرىلىدۇ. ئىككى-ئۈچ كىشىنىڭ بىر تاۋاق سۇيۇق ئاشنى قوشۇق بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى، سەككىز-ئون كىشىنىڭ بىر چوڭ قاچا سۇ بىلەن بىر داستىخاندا نان يەپ ئولتۇرغانلىقىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، تاماق قول بىلەن يېيىلىپ، قوشۇقتا ئىچىلىدۇ. قېتىقتا نان چىلاپ يەيدىغان ئادەت كۆپرەك. كۈندىلىك تاماقلىنىش ئادىتى تۆت ۋاخ يەنى ناشتىلىق، ئاشۋاقتىلىق، چۈشلۈك، كەچلىك بولۇپ ئاساسەن ئاش ۋاقتىدا، كەچتە قازان ئېسىلىدۇ. گۆش، باش-پاقالچاق، ئۈچەي، قېرىن قوشۇلماي پىشۇرۇلىدۇ. ھۆرمەتلىك مېھمانغا مالنىڭ ئۈچىسى قۇيرۇقى بىلەن قوشۇلۇپ تارتىلىدۇ. تۆۋەنرەك مېھمانغا بويۇن قويۇلىدۇ. ئاياللارنىڭ تۆر داستىخىنى مالنىڭ تۆشىدىن، تۆۋەن داستىخىنى ئىككى ئالدى پۇتتىن ئىبارەت. مېھمانغا قاراپ ئۆز لايىقىدا تاماق تارتىش ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. مېھمان ئۇزىتىلغاندا بىر پەتنۇس نان يوللۇق تۇتۇلىدۇ. ھېيت داستىخىنى كەلگەن مېھمانغا قاراپ ئۇدۇللۇق قويۇلىدۇ. قويۇلغان مەزە تولۇق يېيىلىپ بولۇشى، ئاشقىنى مېھمان تەرىپىدىن چالا قويماي زەللە قىلىپ ئېلىپ كېتىلىشى لازىم. ھېيتلىق مەزەنى داستىخانغا تىزىپ قويىدىغان ئادەت يوق. 40 كۈنگىچە ھېيتلاپ كېلىدىغانلارمۇ بار. قۇربان ھېيتتا ئۆي بېسىپ قۇربانلىق قىلىنىدۇ. روزى، نورۇز (ئەجدادلار بايرىمى) قاتارلىق بايراملاردا ئاساسەن پۆشكال سېلىنىدۇ. سوزما (ساگزا) سالىدىغان ئادەت كېيىنرەك ئۆزلەشكەن. توي تامىقى ئاساسەن گۆش، نان، پولودىن ئىبارەت. پولو ئۈچ كىشىگە بىردىن، گۆش بىر نان بىلەن قوشۇپ ھەر بىر كىشىگە بىردىن ئايرىم - ئايرىم قويۇلىدۇ. توي تامىقى توي چىققان ئۆيگە قايتۇرۇلمايدۇ. يەپ بولالمىغانلىرىنى ھەركىم بىلىگە چىگىپ ئالغاچ كېتىدۇ. نەزىر تاماقلىرى ئاساسەن ئۇماچ، نان، گۆش بولۇپ، بۇمۇ بىر كىشىگە بىردىن نان بىلەن بىرپارچىدىن گۆش قوشۇلۇپ ھەممە كىشىگە ئايرىم - ئايرىم قويۇلىدۇ، ھەرقانداق تويلار بىلەن چوڭ نەزىرلەر تالادا چوڭ سورۇن تۈزۈش شەكلى بىلەن توپلىشىپ (بىرلا يەرگە جەم بولۇپ) ئولتۇرغان جامائەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سورۇننىڭ چېكى ئوتتۇرىسىغا بىر نەچچە چوڭ داستىخان سېلىنغان بولىدۇ. ھەربىر كىشى تويلۇق ئۈچۈن ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى پۈتۈن جامائەتكە تولۇق كۆرسىتىپ باش داستىخانچىغا بىر - بىرلەپ سۇنۇپ بېرىدۇ. باش داستىخانچى ئىگىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئەكەلگەن نەرسىنىڭ قانچىلىك، نېمە ئىكەنلىكىنى ئۈنلۈك ۋارقىراپ جامائەتكە ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئەكەلگەن نان «بىر توققۇز» ئۈستىگە قويۇلغان رەخت «كىتى» قويۇلغان باشقا نەرسىلەر كۆلەڭگۈسى (بىرسى ئىككى دېيىلىپ) بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ. چوڭ نەزىرلەرمۇ خۇددى شۇ تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىغىلغان نان شۇ سورۇندا توي. مەزىرى ھېسابى بىلەن يېيىلىپ، ئېلىپ كېتىلىپ تۈگەيدۇ.

پىچىنە - قەنت، كەمپىت، يەل - يېمىش بىلەن مېھمان داستىخىنى تۈزەيدىغان قىلىق بۇ يەردە سەت ئادەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆيگە كىرگەن ھەرقانداق كىشى داستىخانسىز (مەزەسىز) ئۇزىتىلمايدۇ.

## توي قىلىش ئادەتلىرى

قارا قۇملۇقلار ئارىسىدا پۇل، مال، دۇنيا، مەنسەپ، ئابروي، نەسەب ۋە باشقا باھانە-ئىمتىيازلار مۇناسىۋىتى بىلەن كىچىكنى چوڭغا، چوڭنى كىچىككە، قېرىنى ياشقا، ياشنى قېرىغا، بىمارنى ساققا، ساقنى بىمارغا «نىكاھلاپ» چېتىپ قويىدىغان «توي-نىكاھ» ئادىتى ئەزەلدىن يوق

قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەگتۇشلۇق، ئىختىيارلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلاشقۇچىلار رازىلىق بېرىشكەن، ئەلگە ياققان نىكاھ تويى — بۇلاردا ھەقىقىي ھەم مەڭگۈلۈك توي ھېسابلىنىدۇ. ئىككى خوتۇنلۇق ياكى تولا خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان كىشىلەر بۇ يەردە ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشكەن (مەڭگۈلۈك نەپرەت، مەسخىرىدىن خالى بولالمايدىغان) «نىكاھ بىدىنكلىرى» دېيىلىدۇ. قارا قورۇملۇقلارنىڭ تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللىرى بۇ پىكىرنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

بىر بىلەن ئۆتكەن ئەر — ھالال ئەر.
ئىككىگە قالغان ئەر — ۋەيرانە ئەر.
ئۈچكە قالغان ئەر — ئەرۋايى ئەر.
تۆتكە قالغان ئەر — ئەر ئەمەس يەر.

X X X

بىرگە تەگكەن ياخشى.
ئىككىگە تەگكەن ياخشى.
گەرچە ئۈچكە تەگكەندىن،
گۆرگە تەگكەندىن ياخشى.

. . . . . . . . . . . . .

ئاجرىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن بالىلارنى ئۆگەيلەرگە قالدۇرىدىغان ياكى يېتىم قىلىدىغان كىشىلەر بۇ يەردە ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشكەن، نەسلىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان ھېسابلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدۇ. قارا قورۇملۇقلاردا:

«يەڭگىگە قالغان بالا،
يىغىدا قالغان بالا.
ئۆگەيگە قالغان بالا،
ئۆلگىلى قالغان بالا».

«ئۆگەينىڭ ئېتى قۇرۇسۇن،
ئىزى ئۆچۈپ ئوتى قورۇسۇن.
ماڭغان - تۇرغان يېرى قۇرۇسۇن،
ئەۋلادىنىڭ ئۇلى قۇرۇسۇن».

دېگەن تەمسىللەر بار. بۇ تەمسىللەر بالىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان باغرى تاش ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن كۈچلۈك نەپرەت، جامائەتكە جانلىق نەسىھەت، بالىلار ئۈچۈن سەمىمىي شاپائەت ئۇقۇمى بىلەن كىشىلەرگە تەسىر بېرىپ كەلمەكتە. شۇڭا بىز بۇلارنىڭ جەمئىيىتىنى «مېھرى دەريا ئاتا - ئانىلار جەمئىيىتى» دەپ تونۇشقا تامامەن ھەقلىقمىز. قارا قورۇملۇقلاردا ئىگىدەشلىك مۇناسىۋىتى بولغانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن توي قىلىشى قەتئىي مەنئىي قىلىنغان. جەمەتلەر بويىچە قۇدىلىشىش (نەۋرىلەرنى نەۋرىلەرگە چېتىش)، نەسەبكە يۈزلىنىپ ئۆز خېلىنى تاللاشتەك نىكاھ ئادەتلىرى بۇ يەردە سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان قالدۇق كونا ئادەتلەر تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

قارا قورۇملۇقلارنىڭ نىكاھ رەسمىيىتى مۇنداق ئورۇنلىنىدۇ. توي جامائەتنى تولۇق يىغىپ بولغاندىن كېيىن، توي ئىگىلىرىنىڭ تەكلىپلىرىگە بىنائەن ئالدى بىلەن يۇرت پېشقەدەملىرىدىن ئەر - ئاياللار بويىچە ئىككى مەسلىھەت سورۇنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ مەسلىھەت سورۇنىدا تويىنىڭ ئىچكى خىزمەت رەسمىيەتلىرىنى خانىم - قىزلار بويىچە بېجىرگۈچى شەخسلەر تەيىنلىنىدۇ. بوغچا (توي بوغچىسى) ئېچىلىدۇ. تويلۇق نەرسىلەرنىڭ تولۇق، تولۇق ئەمەسلىكى، لايىق بولغان - بولمىغانلىقى ئەسلىدىكى پۈتۈشۈش دائىرىسى بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، قىز تويلۇق جابدۇلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئەرگە تەككەن خوتۇنلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت، ئەخلاقىي پەزىلەتلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئەرلەرنىڭ مەسلىھەت سورۇنىدا ئەرلەر بويىچە مۇناسىپ توي خىزمەتچىلىرى تەيىنلىنىدۇ. تويىنىڭ ياخشى ئۆتۈشىگە ئائىت تەلەپلەر تەكىتلىنىدۇ. توي بېشى، يىگىت، يىگىت قولدىشى تونۇشتۇرۇلىدۇ. يىگىتكە خوتۇنىنىڭ ھەم بولغۇسى پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر

ئېلىش، خورلاش، ئەرلىك، ئاتىلىق، بۇرچىنى ئۆلگىچە تولۇق ئادا قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەر بېرىلىدۇ. قىزنىڭ ھەققىي كەبى (سۈت ھەققى) بېكىتىلىپ، كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ «غايىپ قەرزى» («ئۇ دۇنيالىق» قەرزى) ھېسابىدىن نېسىگە قالدۇرۇلىدۇ. بۇ خىل «قەرز» تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا كۈيئوغۇلنىڭ قېيىن ئاتا-قېيىن ئانىغا ئۆلگىچە خىزمەت قىلىشىنى مۇتلەق شەرت قىلغان مەنىۋى قەرزدۇر. ئەمەلىيەتتە ھەققىي كەبى ئۈچۈن ھېچقانداق ماددىي چىقىم ئېلىنمايدۇ. يۇقىرىقى ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇش سورۇنى تۈزۈلىدۇ. يىگىت، قىز ئۆز قولداشلىرى بىلەن جامائەت ئالدىغا (يىگىت بېشىنى ئېگىپ، قىز يۈزىنى يۆگەپ) ھازىر بولىدۇ ھەم نىكاھ ئوقىمىسى (ئۇششاق پارچىلاپ تۇزغا چىلانغان نان)-نى قوبۇل قىلىشقا ئەدەپ بىلەن ئۆرە تۇرۇشىدۇ. ئادەت بويىچە نىكاھ موللىسى ئالدى بىلەن نىكاھ سۈرىسىنى ئاندىن كېيىن ئۇلاپلا ئوقۇلىدىغان نىكاھ رىسالىسىنى ئوقۇيدۇ. نىكاھ رىسالىسىنىڭ بىر بېتىدە مۇنۇلار قەيت قىلىنغان:

«بۈگۈنكى توي ئەھلىنىڭ گۇۋالىقى بىلەن ئىككى ئالەملىك جۈپتى-بەدەنلىك ئۈچۈن XXX ئاخۇننىڭ ئوغلى XXX ئاخۇن XXX ئاخۇننىڭ قىزى XXX نى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىڭىز. ھازىرقى دەقىقىدىن باشلاپ ئەرلىك قەرزىڭىزنى تولۇق ئادا قىلغايسىز. ئۇنىڭدىن رۇخسەتسىز يىراقتىكى ئۈچ ئايلىق، يېقىنى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە تاشلاپ كەتمىگەيسىز. ئۈچ مىراتىۋە قەستەن گۇنا قىلمىغۇنچە بىر زەربە (تاك ئېتىپ) چەكمىگەيسىز. خارى-زار ۋەپەقىرىچىلىكتە قالدۇرمىغايسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى يېتىملىكتە، خۇدايى مۇسۇلمانچىلىقتىن سىرت ھەم غەيرى كۈنگە قالدۇرمىغايسىز. سەۋدايى غەزەپ، ئاشايان گۇمان بىلەن گۇناھسىز، سەۋەبسىز «تالاق»، تۆھمەت قىلمىغايسىز.»

«پالانچى خان كېيىنكىسىزنىڭ ئىككىلا دۇنيالىق ھەققىگە قارا سانىمىغايسىز. نامەھرەمگە، ئەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپ نادۇرۇس ھەۋەسكە بېرىلمىگەيسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن چەتنىمەيدىغان، ۋاپالىق، تەن-دۇرۇس، مۇسۇلمان، ھالالچى، ئىشچان، ئەدەبلىك چوڭ قىلىپ ئەۋلادى پاكلىقنى ئادا قىلغايسىز...»

مۇسۇلمانچىلىقنىڭ نىكا پىرىنسىپلىرى بىلەن يەرلىك نىكالىنىش ئەخلاقى زىچ بىرىكتۈرۈلگەن بۇ خىل يەرلىك نىكاھ رىسالىسى بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئادەت قانۇنى سۈپىتىدە ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

نىكاھ ئوقۇلۇپ، نىكاھ دۇئاسى تاماملانغاندىن كېيىن، پۈتۈن جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ نىكاھلانغانلارنى تەبرىكلەيدۇ. يىگىتنىڭ بويىنىنى ئېگىش، قىزنى كۆچۈرۈش رەسمىيەتلىرى ئورۇنلىنىدۇ. توي داستىخىنى تارتىلىپ، چاچقۇچېچىلىدۇ، ئاندىن توي مەشرىپى باشلىنىدۇ. ئالقىشسادالىرى ئىچىدە قىز كۆچۈرۈلىدۇ. قىز بىلەن يەڭگە ئەۋەتىش، باردى-كەلدى، سالام، چاقىرىشىش ئادەتلىرى تولۇق ئورۇنلىنىدۇ.

توي مەشرىپىدە قىز-يىگىت ئوتتۇرىغا چۈشۈپ بىللە ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ. ئايال قۇدىلار چوڭ پەدىلەرگە («شادىيانە») تەبرىك، خۇشاللىق ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. قىز كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئەر تەرەپنىڭ ئۆيىدە رەسمىي توي شەكلى بىلەن چوڭ توي داستىخىنى تارتىلمايدۇ. مەشرەپ ئويۇشتۇرۇلۇپ پاتىھە داستىخانلىرى سېلىنىدۇ. دېمەك قىز-يىگىت توينى بىرلا يەردە بىرلا قېتىم ئۆتكۈزۈش قاراقۇرۇملۇقلارنىڭ «خۇدا بىر، ئەجەل بىر، تۇغۇلۇش بىر، توي بىر» چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان يەرلىك ئادىتىدۇر.

بۇ يەردە توي چىقىمى ئېغىر بولمايدۇ. ئوتتۇرا ھال ئائىلىلەرنىڭ ئوغۇل تەرەپ تويلۇق راسخوتى

كۆپ ھاللاردا بىر كالا، ئىككى قوي، ياكى بىر قوتاز، بىر قوي قىممىتىدە (ھازىرقى پۇلغا تەخمىنەن 500 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە) پۈتتۈرۈلىدۇ. بىر چاي، بىر توي، بىر مەشرەپ، بىر چاقىرىش، بىر سالام ۋە بىر يۈز ئاچقۇدىن ئىبارەت توي رەسمىيەتلىرى ئورۇنلانغاندىن كېيىن «توي زەخمىسى» تۈگىگەن بولىدۇ. ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلىدىن مەڭگۈ تۇل، سالتاڭ قالىدىغان شەخىسلەرنى، بۇزۇلۇپ كەتكەن تويلارنى بۇ يەرنىڭ يەرلىك تەزكىرىسىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. تۇنجى پەرزەنت تۇغۇلغان ھامان ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كۆپ ھاللاردا بالىنى ئېلىۋېلىپ، بېقىپ تەربىيىلەيدۇ. تۆۋەندىكى قوشاق قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ تويىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنىڭ دەلىلىدۇر.

قەرز، زەخمىسىز ئۆتكەن توي،
ئەل - خالايىق كۈتكەن توي.
كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن،
كۈلكە بىلەن پۈتكەن توي.

بىر مەھەللىدىن پۇل سوراپ،
بىر مەھەللىدىن مال سوراپ،
ئەرتە كەلسە قەرز سوراپ،
ئايىقىدىن يۈتكەن توي.

## ئادەم ئىسىملىرىنى قويۇش - ئاتاش ئادەتلىرى

بىز قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن قەدىمقى بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم ئىسىملىرىنى (تاش، تۆمۈر، سۆپۈرگە، چىراق، ئەخلەت، چاۋا، پاسا، كېپەك، كىچىك، چوڭ، قۇتلۇق، ئاي، چولپان، توختى، تۇردى دېگەندەك ئىسىملارنى) ئىنتايىن قويۇق ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل ئىسىملار تۇراقلىق قوشۇمچىسى (سۆپەت پېشاي) بىلەن («ئاخۇن»، «باي»، «بەگ»، «خان»، «جان» دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەن) مۇقىم بىرىككەن، چوڭقۇر مەنا، مۇكەممەل مىللىي خاسلىققا ئىگە، ئاددىي، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولغان ئىتنىك، تارىخىي ئىسىملاردۇر. بىز بۇ يەردە ئىسلامىيەتتىن كېيىن كىرگەن بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە دىنىي ئىسىملار (كالامىزىم دائىرىسىدىكى ئىسىملار) نىمۇ مەسىلەن: «مۇھەممەد»، «ئابدۇراخمان»، «بۇبى خەدىچە» دېگەندەك خاس ئىسىملارنىمۇ ئارىلاپ ئۇچرىتىمىز. لېكىن بۇ خىل ئىسىملار بۇ يەردە پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىگە، يەرلىك ئاھالىنىڭ تەلەپپۇز ئادىتىگە تولۇق بويسۇندۇرۇلۇپ «مۇھەممەد» ئەمەس «مەمەت»، «ئابدۇراخمان» ئەمەس «ئابدىرامان»، «ئىبراھىم» ئەمەس، «ئىۋرايىم»، «بۇبى خەدىچە» ئەمەس، «خەلىچە» بويىچىلا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ قوبۇل قىلىنغان، ياكى قوش ئىسىم «توختى مەمەت»، «ئاي خەلىچە» دېگەندەك ئارىلاشما ئىسىم شەكلى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن. نوقۇل دىنىي خۇراپىي ئىسىملار («سوپى»، «دەرۋىش»، «ئىشان»، «بۇۋەم» «ۋەلى» دېگەندەك ئىسىملار) ياكى ئىمتىياز، ئەمەل ئۇقۇمىدىكى «ھاكىم»، «ئىمام»، «پاشا»، «رەئىسە» دېگەندەك ئىسىملار بولسا بۇ يەردە ئانچە قوبۇل قىلىنمىغان. ھازىرقى زامان ئىسىملىرىمۇ مەسىلەن: «ئۈمىد»، «يالقۇن»، «مەدەنىيەت»، «كۈرەش» دېگەندەك ئىسىملار بۇ يەردە يوق.

قارا قۇرۇملۇقلاردا نەسەب قوغلىشىپ (بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەسلىك ئاساسىدا) ئىسىم قويىدىغان (بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئوغۇل نەۋرىسىگە، موممىسىنىڭ ئىسمىنى قىز نەۋرىسىگە قويىدىغان) ئادەت قويۇقراق بولۇپ، بۇ تولاراق قىزىنى تىلغا ئالغاندا موممىسىنى ئەسلەيدىغان، ئوغلىنى تىلغا ئالغاندا بوۋىسىنى ئەسلەيدىغان تۇرمۇش تىلى

شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە كىشىلەرنىڭ كىچىكلىك، بالىلىق، ياشلىق، قېرىلىق، قېرىلىق دەۋرلىرى بويىچە پەرقلىق ئاتايدىغان، چاقىرىدىغان تىل (ئىسىم) ئادەتلىرى بار. مەسىلەن: بالا تۇغۇلۇپ ئىسىم قويۇلغاندىن كېيىنلا ئوغۇل بولسا «پاقلىنىم»، «قوزام»، «قۇرغۇيۇم»، «غوجام» دەپ، قىز بولسا «مۇنچىقىم»، «گۈلۈم»، «ئالتۇنۇم» دەپ، ئەسلى ئىسمىنى ئاتىماي ئەركىلىتىش سۆزى بىلەن تىلغا ئالىدىغان، بالا ئۈچ تۆت ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن «توختى»، «قۇندۇز» دەپ ئەسلى ئىسمىنى تولۇق چاقىرىدىغان، بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن «ئاخۇن»، «بەگ»، «خان»، «جان» دېگەندەك سۈپەتلەر قوشۇلغان («سۈپۈرگە ئاخۇن»، «لاچىن بەگ»، «توختى خان»، «ئەخلەتجان» دېگەندەك) تولۇق نامىنى ئاتايدىغان ئادەت بار، ياشانغان كىشىلەر مەھەللىۋى جامائەتچىلىك ئىچىدە، بىر جەمەت كىشىلەر ئارىسىدا «باي ئاكام»، «باي دادام»، «باباكام»، «موللاكام»، «ئاق ئاناكام»، «خان ئاناكام» دېگەندەك سۈپەت ئىسىملىرى بىلەن، باشقا سىرتقى دائىرىلەردە بولسا «باي»، «خان» («چىراغ باي»، «تىللابەگ»، «ئايخان») دېگەندەك تولۇق ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ مەسىلەن: «چاۋاكىچىك»، «ئەخلەت پاسا» دەپ ئاتايدىغان هازىرقى زامان پامىلىچىلىك ئادەتلىرى بۇ يەردە تېخى ئومۇملاشمىغان. بۇ خىل ئىسىم - پامىلە ئورنىغا تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان لەقەم، جاي ياكى كەسىپ ناملىرى بىلەن مەسىلەن: «ئاخۇنباي كاللەك»، «تۇردىيار قوگغۇز»، «شايىخان كۆك» (ئۈششۈق)، «روزى ئاخۇن توقۇناق» (بۇلار لەقەمى ئىسىملار)؛ «ئابلەھەسەن باقشى»، «ھەمرا قويچى» (بۇلار كەسىپى ئىسىملار). «سامچى تۇرۇپ ئاخۇن»، (جاي ناملىرى بىلەن بىرىككەن ئىسىم) دېگەندەك لەقەم، ناملار قوللىنىدۇ. بۇ خىل لەقەم، ناملار ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس، جانغا ھەمرا، «ديارلغاندا يېپىشقان» بولۇپ كەلگىنى ئۈچۈن ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن نومۇس قىلمايدۇ. كىنايە، «يېغىرىغا تېگىش» بىلەن ئەمەس بەلكى ئەجداد تەۋەرۈكى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ قەدىرلەيدۇ، داۋاملاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: ئازغانسال ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ (هازىر بۇ يەردە ئىككى كەنت بويىچە مەنۇردىيلاشقان) نەسەب تەزكىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تارىختىن بۇيان ئۇلار ئون خىل لەقەم تۈركۈمى بويىچە يەنى «غازلار»، «كاللەكلەر»، «قوگغۇرلار»، «بورداقلار»، «توخۇلار»، «لاتىلار»، «پورلار»، «كوشاگلار»، «توخۇناقلار»، «قارنى يورۇقلار» بويىچە ئاتىلىپ، ھەر قانداق زامان، ئورۇن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتلەردە بىر خىل ئەجدادى پەرق بىرلىك بۆلۈنمىلىرىنى ھاسىل قىلىپ كەلگەن. بۇ يەرنىڭ يىلتاش مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەر سامچى مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەرنى «غازلار» دەپ ئاتىسا، سامچىلىقلارمۇ يىلتاشلىقلارنى «توخۇناقلار» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. كىشىلەرنىڭ ئەجدادى پىسخىك خۇلقى مىجەز، نام - ھاللىرىدىنى ئېگىزلىك مەنبە قىلىپ قويىلىدىغان بۇ خىل لەقەم - ناملار بۇ يەردە ھەرگىز ئاداۋەت، ئازارلىنىش، كەمسىتىش ئۇقۇمىنى بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ خىل لەقەم، ناملارنى تاشلىۋەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن نومۇس قىلغان كىشىلەر ئۆز جەمەتلىرى ئارىسىدا، مەھەللىۋى جامائەتچىلىك ئىچىدە ھامان يەكلىنىپ قېلىش ئاقىۋىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

لەقەمسىز ئەر بولماس،
ئويماقسىز خوتۇن؛
لەقەمسىزنى ئادەم دېمە،
ئەنسىز①نى بىر مال (دېمە)

① ئەن - مالغا قىلىنىدىغان ئىگىلىك بەلگىسى.

لەقەمىمىزنىڭ ئۇلى يوق،
ئۇلى ئەمەس يولى يوق.
لەقەمنى خۇدا قويىدۇ،
لەقەمىمىزنى ئەزۋاھ ئۇردىدۇ.

قارا قۇرۇملۇقلارنىڭ بۇ خىل ماقال - تەمسىللىرىدىن بىز ئۇلارنىڭ لەقەم، نام جەھەتتىكى مۇقىم پوزىتسىيىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ ئالالايمىز.

ئۇلار ئادەم ئىسىملىرىنى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان مەۋجۇد دۇنيانىڭ جانلىق، جانسىز تەبىئەت دائىرىسىدىن (زېمىن، ئاسمان، هاۋا، قار، سۇ، تاغ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىيا، ئۇچالىق، تىنالىق، هايۋانات دۇنياسىدىن)، تارىخىي ۋەقەلەر، رىۋايەت، چۆچەكلەر، ئەخلاق، ئېتىقات، ئارزۇ، ئۈمىد، نەسەب ۋە ئىجتىمائىي تىرىكچىلىك ۋاسىتىلىرىنى مەنبەئە، شەكىل قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار ئۆز مۇھىتىدىكى ئاق - قارىنى، سۆزۈك سۇنى، زېمىننى، ئوت - چۆپ، گۈل - گىيانى سىمۋول قىلىپ، «ئاق بەگ»، «سۆزۈك ئاخۇن»، «زېمىن باي»، «سېرىق باقشى» (سېرىق — بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق مال يەيدىغان ئوتى ياكى سېرىق ئوت)، «تاشگۈل» دېگەندەك ئىسىملارنى، تاغنى، ئورمانى، ئاسماننى ئاساس قىلىپ «تاش باي»، «ئورمان بەگ»، «ئايخان»، «چولپانخان» لارنى، قىممەتلىك دۇنيالى (ۋەجىنى) ئاساس قىلىپ «تىللاخان»، «ئالماس باي»، مېتاللارنى سىمۋول قىلىپ «تۆمۈرجان»، «پالتا باي»، قۇشلارنى سىمۋول قىلىپ «بۇلبۇلخان»، «لاچىن بەگ»، ئىستېمال ۋاسىتىلىرىنى سىمۋول قىلىپ «ھەسەلخان»، «تۇقاچخان»، كىيىم - كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سىمۋول قىلىپ «شايىخان»، «سۈپۈرگە ئاخۇن» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ كەلگەن. بۇ يەردە ھاياتلىققا، بەختسائادەتكە بولغان مۇھەببەت، ھېس - تۇيغۇ، ئۈمىد ئىستىكى بىلەن قويۇلىدىغان «ئامانباي»، «بەختىخان»، «تۇرۇپ»، «تۇردى»، «تۇرسۇن»، «توختى»، «جانان» دېگەندەك ئىسىملارمۇ خېلى بار.

بىز قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ خىل ئادەم ئىسىملىرىدىن، ئىسىم قويۇش، ئاتاش ئادەتلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى، تارىختىكى تىل، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسىنى، جۇغراپىيە، تەبىئەت، دۇنيا قاراش، پسىخولوگىيە، ئېتىقات، ئەخلاق ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىلمى غەزنىلىرىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ئىز - دېرەك، مەنبەئەلەرگە ئىگە بولالايمىز.

(بېشى 66 - بەتتە)

## ئوخشاشلىقنىڭ سەۋەبى

تولا خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويىدىغان بىر ئادەم ئىشقىيار نامەتكە چاقچاق قىلدى:

— ئايىلىڭىز ئۆزىڭىزگە ئوخشايدىكەن، ئەسلى ئۇرۇق - تۇغقان بولامسىدىڭلار؟

— ئەسلىدىغۇ تۇغقان ئەمەس، — دېدى ئىشقىيار نامەت، — لېكىن بىر ئايال بىلەن چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ 30—40 يىلنى ئۆتكۈزسە، ئەر - خوتۇن چىرايدا بىر - بىرىگە تارتىشىپ كېتىدىكەن.

## چاقچاقنىڭ ئىشتىنى

بىر يىگىت بازاردا تولىمۇ ئەپسانە تىللار بىلەن چاقچاق قىلىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ھەممىنى بىزار قىلىۋىدە، بىر چاغدا كېتىشكە تەمشەلدى.

ئەدەپسىز يىگىتتىن رەنجىگەن ئىشقىيار نامەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى:

— يىگىت، ئىشتىنى چۈشۈپ قالدى، كۆتۈرۈۋېلىڭ! يىگىت چىڭىدە توختاپ، چەكچەيىپ ئۆزىنى بىر قۇر تەكشۈرۈۋېتىپ، سورىدى:

— نېمىنىڭ ئىشتىنى چۈشۈپ قاپتۇ؟

ئىشقىيار دەرھال ئېيتتى:

— چاقچىقىڭىزنىڭ ئىشتىنى!

تۈپلاپ رەتلىگۈچى: ماخمۇد مۇھەممەد




(نەسىر)

ئىنايەتۇللا قۇربان

بۇرادەر ئېيتقىنا: تۈنۈگۈن ئەشۇ قىز بىلەن تونۇشقان «ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار» يادىڭدىمۇ؟ سەن ئىشخانا ئىشىكىنىڭ يېنىك چېكىلىشى بىلەن چوڭقۇر خىيالدىن ئويغىنىپ ئىشىكنى ئاچتىڭ-دە، ناتونۇش ئەمما كېلىشكەن قىزنى كۆرۈپ ھوشۇڭنى يوقاتتىڭ. ئۇ قىز يېقىملىققىنا تەبەسسۇم بىلەن قىزىل تاشلىق كېنىشكىنى سۇنغاندىلا، ئېسىڭگە كېلىپ، ئۇنى قولۇڭغا ئالدىڭ، ئۇ — سېنىڭ خىزمەت كېنىشكەڭ ئىدى. قىزچاق ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىدىن تېپىۋېلىپ ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتقاندىلا ئاندىن ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىڭ. سەن ئۇنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۇ پەزىلەت ئىگىسىنىڭ زىلۋا قامىتى، ھايالىق ئەمما تولىمۇ گۈزەل چىرايى ئالدىدا مەسخۇش بولغان قەلبىڭنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ قالدىڭ. ئۇ قىز قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى. ئەمما ئۇ قىزنىڭ ئۇياتچان كۆزلىرىگە، ئىزادىن گۈلدەك قىزارغان يۈزىگە ئاچكۆزلۈك ۋە ھاياسىزلارچە قارىغىنىڭنى ئاز دەپ «تولۇمىدىن توقماق چىققاندەك»لا چىققان «مۇھەببەت ئىزھارىڭ» ئۇنى سەسكەندۈرۈۋەتتى. ئۇ، سېنىڭ قەلبىڭنى چۈشەندۈرۈپ، قايتا-قايتا يېلىنىش بىلەن قىلغان تەكلىپىڭ ئالدىدا ئاخىرى نائىلاج ماقۇل بولۇپ، سەن بىلەن كېنىشكەڭ چۈشۈپ قالغان بېكەتتە ئۇچرىشىشنى پۈتۈشتى.

پۈتۈشكەن ۋاقىت — كېچىدىن كىرپىك قاقماي كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلدى. مانا كېتىۋاتىسەن، ئالدىڭدا سۇبھى پەيزىگە چۆمۈلگەن كوچا ساڭا كۈمۈش پاياندازدەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

شېرىن خىياللارنىڭ ئەللەيلىشىدە قەلبىڭگە نەقىشتەك ئويۇلۇپ كەتكەن جايغا بېرىپ قالغىنىڭنىمۇ تۇيماي قالدىڭ. كىم ئويلىغان دەيسەن، سىلەر ئۇچراشماقچى بولغان يەر چاڭ-توزان ئىچىدە قاپتۇ. ئەشۇ جايدا بىر قىز پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن كوچا سۈپۈرۈۋاتاتتى. سەن توپا-چاڭدىن بىزار بولۇپ قولياغلىقىڭ بىلەن تۇمشۇقۇڭنى ئېتىپ ئەتراپنى تەقەززالىق بىلەن ئاختۇرۇشقا باشلىدىڭ. ئۇ قىزنىڭ يولىغا تەلمۈرگەن كۆزلىرىڭ ئۆزەڭدىن ئون قەدەم نېرىدا تۇرغان ئوتلۇق كۆزلەر بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ھودۇقۇپ كەتتىڭ؛ ئۆز كۆزۈڭگە ئىشىنەلمىگەندەك، ئۇيقىسىرىغان كۆزلىرىڭنى ئۇۋۇلاپ قايتا باقتىڭ. ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل سەن ئۇچراشماقچى بولغان قىز ئىدى! ئۇ سېنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭدىكى كېپىنەكتەك ياسانغان تۇستە ئەمەس، بەلكى، ئۇچىسىدا ئاددىي ئىش كىيىمى، قولىدا سۈپۈرگە تۇتقان ھالدا تۇراتتى. سەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭ. چۈنكى ئۇ ئاددىي بىر تازىلىق ئىشچىسى ئىدى.

بۇرادەر سەن شۇدەم يىرگىنىش تۇيغۇسىغا تولغان يۈرىكىڭنىڭ رەھىمسىز بۇيرۇقى بىلەن غايىۋى ئۈمىدتە تاشلىنىپ كەلگەن قەدەملىرىڭنى كەينىگە بۇراپ كېتىپ قالدىڭ.

كېتىۋاسەن، ئېغىرلاشقان قەدەملىرىڭنى ئاستا، ئىنتايىن ئاستا ئېلىپ كېتىۋاتىسەن. توختا! ساڭا لەنەت ۋە ئېچىنىش تولغان قەلبىمنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن، گەرچە ئىنسانىي گۈزەللىكتىن، ياشلىق پەزىلىتىدىن مەھرۇم بولغان شۇ ھالىتىڭگە بىر قاراش نومۇس بولسىمۇ! كەينىڭگە قارا! سەن تۈنۈگۈنلا مەپتۇن بولغان گۈزەللىنى ھەسرەتتە قويۇپ كېتىۋاتىسەن ـ ھە. ياق، ئۇ ھەسرەتلەنمەيدۇ. بەلكى، ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ياغقان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى بىلەن سېنى ئۆزىتىپ قېلىۋاتىدۇ. سېنىڭ قەلبىڭنى ئىگىلىگەن چاڭ-توزاڭلارنى تازىلاشقا تەرەددۇتلىنىۋاتىدۇ.

ئۇ تۈنۈگۈن سېنىڭ تەلپىڭگە ماقۇل بولۇپ ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيىتىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغانىدى.

كەينىڭگە بىر قاراپ باقساڭچۇ! سەن تاشلاپ كەتكەن قىزنى ئاقىرىپ كېلىۋاتقان تاڭ جىلۋىسى قۇچاقلاۋاتىدۇ؛ مانا ئۇنىڭ يېقىملىق چېھرىنى قىزغۇچ شەپەق ئالتۇن شولىسى بىلەن سۆيۈۋاتىدۇ. مەيىن شامال ئۇنى ئەركىلىتىپ چاچلىرىنى تاراۋاتىدۇ. ئېخ، ئۇنى پۈتكۈل تەبىئەتلا ئەمەس، مېھنەتكە، گۈزەللىككە، پاكلىققا ئامراق مىليونلىغان ئىنسان سۆيۈشكە، قەدىرلەشكە تەييار. چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى ئۇيۇقتىن كۆتۈرۈلگەن تاڭ ۋۇياشىنى كوچىدا ئۇچىسىدا ئاددىي ئىش كىيىمى، قولىدا سۈپۈرگە تۇتقان ھالدا تۇنجى رەت كۈتۈۋالىدۇ. شۇنداق، ئۇ-تاڭنى كۈتۈۋالىدىغان، كائىناتنى ئويغاتقۇچى چولپان.

بۇرادەر! ئۇ چولپان، سەن شېرىن ئۇيقىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان تالاي-تالاي سەھەرلەردە كوچىلارنى تازىلاپ، مۇھىتنىڭ گۈزەللىكى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ۋە ياشلىق باھارىنى بېغىشلىدى.

ئەنە ئۇنىڭ قولىدىكى سۈپۈرگە يەر يۈزىدىكى چاۋا - چاتقاللارنى سۈرۈپ زېمىننى كۆلدۈرۈۋاتىدۇ. ئەگەر ئەشۇ سۈپۈرگە چىرىۋاتقان قەلبىڭدىكى پەسكەشلىكنىڭ ئەخلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ، روھىي دۇنيارىڭنى ۋىجدانسىزلىق ئىللىتىدىن تازىلاپ قويسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

ھەي بۇرادەر توختا! يېنىڭنى ئاختۇرۇپ باققىنا، ماڭا بىرەر نەرسەڭ كەمدەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن چۈشۈرۈپ قويغان خىزمەت كېنىشكەڭنى ئۇ ئالىيجاناب قىز تېپىشۇرۇپ بەرگەنىدى، ئوبدانراق ئويلىنىپ باق، ئۇ يەردە يەنە نېمەڭ چۈشۈپ قالدىكى؟






## بىر بوتۇلكا ھاراقتا ...

ھەممىلا ئادەم «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ گۇمان قىلىنىۋاتقان كۈنلەردە، ساقچى ئىدارىسىدىكى قوپال بىر باشلىق ئىشقىيار نامەتنى سوراققا تارتتى:

— راستىڭنى ئېيتامسەن- يوق قېرى؟

— بىلسەملا ئېيتاي،— دېدى ئىشقىيار تەمتىرىمەي.

— ئەمىسە ئېيتە، شەھەر بويىچە نەچچە ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات بار؟

ئىشقىيار بىرئاز ئويلىنىۋالدى — دە، ئېيتتى:

— بىر بوتۇلكا ھاراقتا قىرىق تەشكىلات بار.

## نېمىشقا ئوكچى ئاتىلىپ قالغان؟

بىرۋىلەن ئىشقىياردىن سورىدى:

— ئىشقىيار نامەتكا، نېمىشقا بەزى ياخشى ئادەملەر «ئوكچى» ئاتىلىپ قالغان؟

ئىشقىيار دېدى:

— شۇ، ئوك سۆزلەپ!

## پرىنسىپتا كۆتۈرۈش

مەھەللىگە كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى ئىشقىيار نامەتكە دوق قىلدى:

— ئاڭلىساق ھەدىسىلا خەقلەر كۈلىدىغان زەھەرلىك گەپلەرنى قىلارمىشسەن. يەنە شۇنداق قىلىدىكەنسەن، بۇندىن كېيىن گەپلىرىڭنى پرىنسىپتا كۆتۈرىمىز جۇمۇ!

— بەك بولەن گەپكەن كادىر ئەپەندىم،— دېدى ئىشقىيار خۇشاللىنىپ،— كىچىككىنىدىنمۇ مېنى ھېچكىم كۆتەرمەپتىكەن، ئەمدى گېپىمنى بولسىمۇ بىر كۆتۈرۈپ قويىڭلا!

## ئىشقىيارنىڭ پىكرى

مەھەللىدە بەكمۇ كۆيدۈرگە بىر ئاكتىپ ئايال بار ئىدى، بىر قېتىم چوڭ يىغىندا كادىرلار ئاممىغا شۇ ئايالنى رايونغا ئاكتىپ قىلىپ سايلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

— قېنى ئىشقىيار ئاكا، سىزمۇ پىكىر قاتناشتۇرۇڭ،— دېدى يىغىن باشقۇرغۇچى بىر چاغدا ئىشقىيار نامەتكە قاراپ.

— مېنىڭچە پالانى خان، كۆپچىلىك دېگەندەك ئاكتىپ بولسا بولىدۇ، شەرتى توشىدۇ،— دېدى ئىشقىيار نامەت دەرھاللا.

— قېنى قايسى شەرتلىرى توشىدۇ؟،— كادىر يەنە سورىدى، ئىشقىيار ئېيتتى:

— توشىدىغان بىرلا شەرتىنى ئېيتسام، كۈندە ئەتىگەندە بىرەر ئادەمنى ئاساسىي قاتلام كومىتېتىغا چېقىشتۇرۇۋېتىپ كېلىدىپ، ئاندىن چېيىنى ئىچىدۇ

ئىشقىيار نامەتنىڭ تەرجىمھالى ۋە بىر قىسىم لەتىپىلىرى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1985- يىل 6- سانىدا بېرىلگەن.

## قىزىقچىلىقسىز

## قاراپ تۇرۇۋاتىمدۇ

ئىشقىيار نامەت يېزىدا ئىشلەۋاتقاندا ناھىيە ھاكىمى ئۇ تۇرغان دادۇيگە كېلىپ قېلىپ، بىر نەچچە قېرىلار قاتارىدا ئۇنىمۇ يوقلىدى.

— ھە بۇۋاي، — دېدى ھاكىم ھال سوراپ، — ئەترەت سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ، ئانچە - مۇنچە قاراپ تۇرغاندۇ؟

— قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ ھاكىم بالام، قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئىشقىيار، — دۇيدىكى كادىرلار پات - پات «ئىشقىيارنىڭ قەرزگە تۆلىگۈدەك نېمىسى بار ئىكەن» دەپ ئاۋايلەن ئۆيگە كېلىپ قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

## بىر - ئىككىمىزنى ئۇرسىلا...

دائىم ئادەم تىللايدىغان بىر مەھەللە ئاكتىپى يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلارغا خۇشامەت قىلىپ يۈرۈپ ئاساسىي قاتلام ئاھالە كومىتېتىغا مۇدىر بولۇۋالدى. ئۇ بىر قېتىم ئۇ ئىشقىيار نامەتكە ئۆزىنى ئۇزاق ماختىدى — دە، يۇقىرىدىن ئۆزىنى رايونغا يۆتكەش ھەققىدە پاراڭ بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى ئىشقىيار ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئادەم تىللاپ يۈرۈپ ئاساسىي قاتلامغا مۇدىر بولۇۋالدىلا، ئەمدى بىر - ئىككىمىزنى ئۇرسىلا گەپ يوق رايونغا باشلىق بوپكېتىلا...

## دەۋەتكەننى ئېيتىۋېتىپ بارامدۇ؟

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ئىشقىيار نامەتنىڭ ھېچبىر گۇناسىنى ئېيتمايلا مەھەللىدىكى «ئۆگىنىش كۇرسى»غا ئەكىرىۋالدى — دە، ئىككى ئايغىچە قويۇپ بەرمىدى.

— ئىشقىيار ئاكا، — دېدى بىر كۈنى كادىرلاردىن بىرى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، — دەيدىغاننى دەۋېتىپلا قۇتۇلسىڭىز بولمامدۇ؟

— دېگىنەك گۇنا قىلمىسام نېمىنى دەيمەن؟ — دېدى ئىشقىيار ئەجەبلىنىپ.

— قىزىقىكەنسىز، — دېدى ھېلىقى كادىر ئەقىل ئۆگىتىپ، — قىلمىغان بولسىڭىزمۇ قىلدىم دەپلا بۇ يەردىن چىقىپ كەتمەمسىز؟

— سىزمۇ قىزىقىكەنسىز، — دېدى ئىشقىيار، — دەۋەت، دەۋەت دەپ، دەۋەتكەننى ئېيتىۋېتىپ بارامدۇ؟

## ئەجەبلىنىش

ئىشىنى يۈرگەن ئىشقىيار نامەتنى مەھەللە باشلىقى چوڭ يىغىندا:

— ئىشقىيار نامەت بۈگۈندىن باشلاپ تۈۋەنگە چۈشۈپ ئىشلەيدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى.

— ئەجەبا!؟ دېدى بۇنى ئاڭلاپ ئىشقىيار نامەت ياقىسىنى تۇتقىنىچە.

— نېمىگە ئەجەبا دەيسەن؟ — دېدى مەھەللە باشلىقى تاتىرىپ.

ئىشقىيار نامەت چۈشەندۈردى:

— مەن شۇكەمگىچە ئۆزەمنىڭ تۆۋەندە بولماي ئاسماندا ئىكەنلىكىمنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ!

## قۇرۇغاندا بارسۇن دېگەن

ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە زىدىكەش چېچىپ بار - يوقى بىر قۇر ئەگلىنى پاتىقاقا مىلاپ ئۆيگە يانغان ئىشقىيار نامەت كېيىم - كېچەكنى ئايالىغا يۇيدۇرۇپ، يېيىپ قويۇپ ئولتۇراتتى، سەھەردە دۇيجاڭ ئىشتا چاقىرىپ ۋارقىرىدى.

— يەنە زىدىكەشكە بارسۇن دەيدۇ، — دېدى تالاغا چىقىپ كەتكەن ئايالى يېنىپ كىرىپ، — نېمە دەيمەن؟

— ئىشقىيار نامەتنى يۇيۇپ، يېيىپ قويدۇم، قۇرۇغاندا بارسۇن دېگىن، — دېدى ئىشقىيار نامەت.

(داۋامى 62 - بەتتە)



# يالغانچى بىلەن گوپپاڭچى

(فېليەتون)

ئەخمەد ھاشىم

بۇ يازغىنىمنى ھەقىقىي ئىشلار يېزىلغان ھېكايىكەن دېسەڭلەرمۇ، چۆچەككەن دېسەڭلەرمۇ بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپكە تالىق گەپلەر تېپىلىدۇ. گەپ ئۇنىڭ شەكلىدە ئەمەسكى، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئۇقتۇرالىسام، ئاز - تولا دىققەت ئېتىبارىڭلارنى قوزغاپ، سىلەرنى بىر دەملىك ئويغا سالالىسام ئۇنىڭ ئۆزى كۇپايە! قېنى، ئۇنداق بولسا ئەتىراپىڭلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ بېقىڭلارچۇ، شۈبھىسىزكى، مەن تىلغا ئالماقچى بولۇۋاتقان نادىر بىلەن سادىردەك ئادەملەرنى قىينالمايلا تاپالايسىلەر . . .

نادىر كىچىك بالا ئەمەس، قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان، تېخى ئۆزىنى خېلىلا يۇقىرى ساناپ يۈرگەن «زىيالىي». ۋاھالەنكى ئۇ، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بىرەر ئېغىز پىتنە - پاسات تېرىمىسا، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، رەھبەرلىك بىلەن تامما، ئەر بىلەن خوتۇن، ئەل - ئاغىنىلەر ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچمىسا، كۈنى كۈن بولمايدۇ، ئۇيقۇسى ئۇيقا بولمايدۇ، يېگەن - ئىچكىنى تېنىگە سىڭمەيدۇ. ئەتىگىنى ئىدارىگە كېلىپ، بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى - ئىشخانىمۇ ئىشخانا دوقۇرۇش، كېچىچە چۈشەكەپ چىققانلىرىنى ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا يەتكۈزۈشكە ئالدىراش . . .

— ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، پالانى باشلىقىمىزنى يۆتكەيدىكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا پالانى كىشى باشلىق بولۇپ كېلەرمىش.

— ئاغىنە، ئۆزەڭگە ئاگاھ بول، يېقىندىن بۇيان رەھبەرلىكنىڭ ساڭا كۆز قارىشى سەل باشقىچە - جۇمۇ!

— يولداش باشلىق، ئاخشامقى بىر ئولتۇرۇشتا پالانى سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىپتۇ. مېنى دېدى دېمەي، ئۆزىڭىز ئاستا ئېنىقلاپ باقارسىز، ئۆتكەن قېتىمقى يىغىندا ئۇ سىزنى مەقسەتلىك تەنقىدلىگەن ئىكەن - دە!

— دوستۇم، بۇنداق گەپنى ساڭا ئېيتىشىمۇ ئەپسىز، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭۈل يېقىنلىق قىلىپ ئېيتىپ قوياي، خوتۇنۇڭ پالانى بىلەن بەك يېقىنلىشىپ كېتىپ بارىدۇ جۇمۇ! ھەر ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغان ياخشى.

— ئاغىنە، ئۆتكەندە مائاشىڭنىڭ باھالانماي قېلىشىغا پالانىنىڭ بىر ئېغىز ئىنكاسى سەۋەپچى

## تۇرمۇش ئەينىكىدە

بولغانىكەن. بۇنى مەن يېقىندا مەلۇم باشلىقنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ قالدىم.

— . . . . . . .

تويا دېيمەن، مۇشۇ كۈنلەردە قىلىنىدىغان ئىش ئازدەك ئۇنىڭ بىردىن-بىر مۇشۇ «ھۈنەر»نى ئالما-ۋالغانلىقىنى دېمەمسىلەر!

دېگەن بىلەن ئۇ، بۇ «ھۈنەر»دىن ئاندىن-مۇنچە تاپاۋەتكە ئىگە بولۇپ كەلدى. بىراق، ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بار-دە! دەسلەپ خېلى بىر قىسىم ساددا ئادەملەر ئۇنىڭ تارقاتقان ھەر خىل پىتنە-پاساتلىرىغا، يالغان-ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، تۈگىمەس-پۈتمەس جېدەل-ماجرا، تەگسىز پاتقاقنى كېچىپ ئاۋارە بولۇپ يۈردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بارا-بارا بۇ پىتنە-پاساتلاردىن گۇمانلىنىپ قالدى-دە، ئاخىر بېرىپ ئىشەنمەيدىغان بولدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ نادىر يەنە چاقتان كەلدى، ئۇ باش قاتۇرۇپ دەرھال ئامال تاپتى. يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشلا كۇپايە قىلمايدىكەن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ تارقىتىدىغان، بازارغا سالىدىغان، ھە دېسە ھۇ دەپ، چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا مەيدىسىگە ئۇرۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان چەبدەس گۇپپاڭچى بولمىسا بولمايدىكەن ئەمەسمۇ! توغرا، گۇپپاڭچىنى تېپىش كېرەك!

نادىر ئاخىر ئاللىقاچان جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن كونا دوستى — مەككار سادىرنى تاپتى. ئىككىسى ئۇڭايلا ئاپاق-چاپاق بولۇپ كېتىشتى. بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا پىچىرلىشىپ نىيەتلىرىنىمۇ پىلانلاشتى. نادىر پىتنە-پاسات، ئويدۇرمىلارنى پىچەتتى بىلەن ئۈزۈلدۈرمەي چىقىرىپ تۇردى. سادىر ئۇنى جان تىكىپ تارقىتىشقا، ئىسپاتلاشقا، راستقا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى، ھەتتا ھەر چوڭ سورۇنلاردا تەپ تارتماي: «نادىرنىڭ دېگىنى يۈزدە-يۈز توغرا، بۇ گەپنى مەن ئاڭلىغان» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بەزى ساددا ئادەملەر يەنە ئىشىنىشكە باشلىدى. بىرسى مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ئىسپاتلاپ تۇرسا ئىشەنمەي بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ «ھۈنىرى» ئاستا-ئاستا يەنە بازار تېپىپ، بىر ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كەتتى. يالغانچىنىڭ گۇپپاڭچىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانلىقى راسا ئۇنۇم بەردى. ئىككىسى بىرلىشىپ چۆكۈرىدىغاننى چۆكۈرۈپ، كۆتۈرىدىغاننى كۆتۈرۈپ، ئۆچۈرىدىغاننى ئۆچۈرۈپ خېلى پايدىغا ئېرىشتى.

بىراق مەنپەئەت دېگەن مەنپەئەت-تە! كۈتمىگەندە كۈنلەردىن بىر كۈنى كىچىككىنە بىر مەنپەئەت ئۈستىدە يالغانچى بىلەن گۇپپاڭچى خۇددى ئىت تالاشقاندەك تالىشىپ قالدى.

— قېنى، مەن بولمايدىغان بولسام، سېنىڭ پىتنە-پاساتلىرىڭ نەچچە سائەت ئۆمۈر سۈرىدىكىن كۆرۈپ باق! خۇدايىم ئالەم ئالدىدا چاۋاڭ بىر دەمدىلا چىتقا يېيىلىدۇ! — دەپ چالۋاقىدى گۇپپاڭچى.

— يالغاننى مەن ئويدۇرۇپ بەرمىسەم، سەن نېمىنى بازارغا سالاتتىڭ؟ ئىلگىرى سەنسىزمۇ جان بېقىپ كەلگەنمەن، نەگە بارساڭ بار! — دەپ ۋارقىرىدى يالغانچىمۇ بوش كەلمەي.

— ھىم، مۇشۇ گېپىڭنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ پەسكەش يالغانچى!

نادىر بوپتۇ دەپ ئاغزىنى يول قويغان بولسىمۇ بولغانىكەن، مانا ئەمدى ئىش بۇزۇلدى، سادىر پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى . . .

نادىر يالغۇز قالغان بولسىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۆز «ھۈنىرى»نى يەنە ئىشقا سېلىپ جان بېقىپ يۈردى. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ ئۇ يەنىلا گۇپپاڭچى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، بىراق ئامال قانچە؟

بىر قېتىم ئۇشتۇمتۇت نادىرنى نەس باستى. ئۇ خېلى كۆپ جامائەت جەم بولغان بىر سورۇندا:

— خالايىق، بۈگۈن ئاسماندا ئىت قاۋىدى، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ جۆيلۈپ تاشلىدى.

— ھەي، ئەمدى سېنىڭ تاپمىغان شىز كېپىڭ قالدىمۇ؟ — دېدى بىرەيلەن ھەزەپلىنىپ، — ئىت دېگەن يەردە يۈرۈيدىغان نەرسە تۇرسا، قانداقمۇ ئاسماندا قاۋىسۇن؟ بەلكىم بىرسىنىڭ ئۆگزىسىدە قاۋىغاندۇ!

نادىر نېمە دېيىشنى بىلمەي سەل ھودۇقۇپ قالدى، لېكىن يالغاننى ئويدۇرغان ئىكەن، جان چىقىپ كەتسىمۇ چىڭ تۇرۇش كېرەك! يا قايىنامدىن، يا سايرامدىن چىقار، بولمىسا ناھايىتى سەت لەت بولۇپ قالامدۇ؟ ئۇ ئالدىراپ:

— ئىللا-بىللا راست. ئاسماندا ئىت قاۋىدى. قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن! — دېدى.

بۇ توغرىدا خېلى غۇلغۇلا قوزغالدى. ئاخىر ئۇنىڭ يالغانچىلىقىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن كۆپچىلىك ئۇنى شۇ مەيداندىلا تۇتۇپ سوتقا ئاپىرىپ بەردى. نادىر تارقاتقان پىتنە-پاساتلار ئۈستىدە سوتقا سۇنۇلغان ئەرزلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. سوتچى قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇنى ۋاقىتلىق نەزەربەنت قىلىپ قويدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوچۇق سوت ئۇيۇشتۇردى.

ئوچۇق سوتقا قاتناشقان ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. نادىر بېشىنى ساڭگىلىتىپ سوراق سەھنىسىدە تۇراتتى. سوتچى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ كېلىپ ئاخىرىدا:

— بۇنىڭ تارقاتقان پىتنە-ئىغۋالىرى چېكىگە يەتتى. كۆپچىلىك ئويلاپ بېقىڭلار، ئاسماندا ئىت قاۋىدى دېگەنمۇ گەپمۇ؟ بۇنىڭغا كىممۇ ئىشەنسۇن؟ بۈگۈن بۇ يالغانچى سوراق سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلدى. ئۇ «ئاسماندا ئىت قاۋىدى» دېگەن مۇشۇ سۆزىنى پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بىزنى ئىشەندۈرەلمىسە يەنە بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىمىز. بولمىسا قاتتىق جازالىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ! — دېدى.

بۇ پىتنە ئىغۋاچىنىڭ تۆھمەت، زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كىشىلەر كەينى-كەينىدىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت ياغدۇرۇۋەتتى، بۇ قېتىم ئۇنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلىشتى.

نادىرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭدا پاكىتلار ئارقىلىق بۇ ئىغۋانى ئىسپاتلاپ، كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلىگىدەك ماغدۇر يوق ئىدى.

سوتچى جامائەتتىن سورىدى:

— ئاسماندا ئىت قاۋىدى دېگەن بۇ ئىغۋانى كىم ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟ ئاراڭلاردا ئاڭلىغانلار بارمۇ؟ بىرەر ئادەم ئىسپاتلىسىمۇ بولىدۇ. يەنە بەش مىنۇت ۋاقىت بېرىمىز!

بىرمۇ كىشى زۇۋان سۈرمىدى.

— ئۇنداق بولسا، ئوچۇق سوت مۇشۇ يەردە ئاياقلىشىدۇ، — دېدى سوتچى بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىغۋاچى تۈرمىگە تاشلانسۇن!

ساقچىلار ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇشىدى، جامائەت ئارىسىدىن ئۈشتۈمتۈت بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خالايىق، توختاڭلار، ئۇنىڭ دېگىنى پىتنە-ئىغۋا ئەمەس، پۈتۈنلەي راست گەپ. ئاسماندا ئىتنىڭ قاۋىغانلىقىنى مانا مەنمۇ ئاڭلىغان!

ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. نادىرمۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى كونا شېرىكى — گۇپپاڭچى سادىرنى كۆردى-دە، يېنىك بىر ئۇھ تارتىۋالدى.

— خوش، ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىسپاتلا! — دېدى سوتچى سادىرغا ئىشەنمەسلىك بىلەن نەزەر تاشلاپ قويۇپ.

سادىر مەيدىسىنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە بىر-ئىككى قېتىم قىستا يۆتىلىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— خالايىق، ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ بۇنىڭ ئاسماندا ئىت قاۋىغىنى دېگىنى ھەرگىزمۇ پىتنە - ئىغۋا ئەمەس. بەلكى ئاڭلىغان، ھەتتا كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ...

قېرىنىڭ تېۋشتىكى كىشىلەرنىڭ پىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سادىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن زالنىڭ ئىچى يەنە جىمىدى.

— بىر كۈنى مەن شەھەرنىڭ سىرتىدا - دەريا بويىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بىر ئازگالنىڭ ئىچىگە بىر نەچچە ئىت چۈشۈۋېلىپ، نېمىدۇ بىر نېمىنى تالىشىۋېتىپتۇ. ئۇ يەردە نېمە باردۇ دەپ، بىر دۆڭگە چىقىپ قارىۋىدىم، ئازگالنىڭ ئىچىدە ئاتمۇ ياكى ئېشەكمۇ ئېنىق قىلىپ يوغانلا بىر نەرسىنىڭ ئانچە - مۇنچە گۆشى قالغان ئىسكىلىتى تۇرۇپتۇ. ئىتلار ھە دەپ بىر - بىرى بىلەن تالىشىپ غاجىلىغىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا توساتتىن باش ئۈستۈمدە بىر نەرسە «گۈر» قىلىپ قالدى. چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئاسماندىن ئاجايىپ يوغان بىر بۈركۈت ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ، ئازگالدىكى ھېلىقى ئىسكىلىتنى قاماللىغىنىچە كۆتۈرۈپلا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سەل ھوشيار تۇرغان بىر نەچچە ئىت قېچىپ كېتەلىدى. لېكىن قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان بىر ئىت ئىسكىلىتنىڭ ئىچىدە قالغانىدى. بۈركۈت ئۇنىمۇ ئىسكىلىت بىلەن قوشۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەشۇ ئىت ئاسمانغا چىققاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە قاۋاپ كەتتى. بىزنىڭ ئاڭلىغىنىمىز شۇ بولسا كېرەك!

— قانداق راستمىكەن؟ — دېدى نادىر بىردىنلا جانلىنىپ ۋە سوتچىغا، ئاندىن جامائەتكە قاراپ قويدى.

سوتچى ۋە جامائەت نېمە دېيىشنى بىلمەي، بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. بۇ ئىسپاتلىغۇچىنىڭ گېپى ئەمەلىيەتكە خېلى ئۇيغۇندەك ئىدى. دېمەك، كىشىلەر يەنىلا ئىشەندى. سوتچى نادىرنى يەنە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

نادىر سوت مەيدانىدىن سىرتقا چىقىپلا سادىرنى قۇچاقلىدى:

— رەھمەت دوستۇم، سەن مېنى چوڭ بىر بالايى - قازادىن قۇتۇلدۇردۇڭ، ئىلگىرىكى يۈزسىزلىكىمنى كەچۈرگىن!

— ئەمدى بىلگەنسەن؟ — دېدى سادىر مەنمەنلىك كۈلۈپ قويۇپ، — گۆپپاڭچى بولمىسا، ھەر قانداق پىتنە - ئىغۋا بازار تاپالمايدۇ. پاكىتنى نېمە دېگەن ئۇستىلىق بىلەن توقۇدۇم - ھە!

— دوستۇم، سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

— ئوچۇق سوت بولۇۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كىمنى سوت قىلىۋاتىدىكىن كۆرۈپ باقمايمۇ دەپ كەلگەن ئىدىم. قارىسام سەن تۇرۇپسەن، ئەھۋالىڭ بەكمۇ خاراپ، يەنىلا ساڭا ئىچىم ئاغرىدى.

— رەھمەت دوستۇم. ئەمدى ئىككىمىز بىر - بىرىمىزدىن ئۆلسەكمۇ ئايرىلمايلى. مەن ناھايىتى زور خاتا ئىش قىپتىمەن ...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار قايتىدىن ئايرىلماس دوست بولۇشتى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار يەنە جاھاندارچىلىق قىلىپ كەلمەكتە. تېخى بىر مۇنچە شاگىرتلارنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، يېقىندىن بۇيان يالغانچىلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرى خېلى ئوبدانلا بازار تېپىپ قالدى ...

ھەي، بەزى ئادەملىرىمىز بەكمۇ گول. ئۇلار بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا كېزىپ يۈرگەن ھەر خىل گەپ - سۆزلەرنىڭ قىپقىزىل پىتنە - ئىغۋا ئىكەنلىكىنى شۇنچە ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا يەنە ئوڭايلا ئىشىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى گۆپپاڭچىنىڭ قالتىس رول ئويناۋاتقانلىقىدا بولسا كېرەك! دەرۋەقە بەزى ئادەملەر يالغانچىنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىدىن گۇمانمۇ قىلىدۇ، لېكىن گۆپپاڭچىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ ...




**تېپىشماق يىغىپ ساقلىغۇچى:** ۋېنگىرىيىدىكى مىللەتلەر تەزكىرىسى ئالىمى ماندوك 25 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تېپىشماقلىرىدىن 120 مىڭنى توپلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكى بىر تېپىشماق لاتىن يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. ھازىر بۇ ئالىم «ۋېنگىرىيە تېپىشماقلىرى» دېگەن كىتابنى يازماقتا.

**سەرەڭگە قېپىنىڭ سۈرەتلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى:** ياپونىيىنىڭ چىبەنيى ناھىيىسىدىكى 76 ياشلىق بوۋاي جىمىزەيىي ھازىر دۇنيا بويىچە سەرەڭگە قېپىنىڭ سۈرەتلىرىنى ئەڭ كۆپ يىغىپ ساقلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ 50 يىل مابەينىدە 32 دۆلەتنىڭ 550 مىڭ دانىدىن ئارتۇق سەرەڭگە قېپى سۈرەتلىرىنى يىغىپ ساقلىغان.

**چۆكا يىغىپ ساقلىغۇچى:** چۆكا يىغىپ ساقلىغۇچىلار ياپونىيە، ھىندونېزىيە، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. ھىندونېزىيىدىكى جۇمۇيەن ئىسىملىك 80 نەچچە ياشلىق بىر جۇڭگو مۇھاجىرى پۈتۈن ئۆمرىدە 903 خىل چوكىنى يىغىپ ساقلىغان. بۇ چوكىلارنىڭ ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر كىچىك خانىش ئىشلەتكەن بىر جۈپ ئالتۇن چۆكىمۇ بار.

**ھاسا يىغىپ ساقلىغۇچى:** ئامېرىكىدا ۋېنگور ئىسىملىك بىر ئادۋوكات ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئابرام لىنكولىن تۇتقان بىر تال كاشتان ھاسىنى ۋە بۈيۈك شائىر لانفرو ھايات چېغىدا ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ تال يەڭگىل ھاسىنى ساقلاپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ھازىرغىچە دۇنيا ئەللىرىدىن يىغىپ ساقلاۋاتقان ھەر خىل ھاسىسى 280 تالغا يەتتى.

**پىۋا ماركىسىنى يىغىپ ساقلىغۇچى:** پىۋا ماركىسىنى يىغىپ ساقلاش ھازىر دۇنياۋى ئالىمىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق كىشىلەر شەرقىي ياۋروپادا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئامېرىكىنىڭ نيۇ-يورك شەھىرىدىكى ئۆتىست دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن توپلىغان 125 مىڭ خىلدىن ئارتۇق پىۋا ماركىسىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

**توپچىلارنىڭ كىيىمىنى يىغىپ ساقلىغۇچى:** ئەنگلىيىدىكى لىك خانىم دەرىجىدىن تاشقىرى توپ چولپانلىرىنىڭ تەرلىرى پۇراپ تۇرىدىغان توپ كىيىملىرىدىن 100 دىن ئارتۇقنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 نەچچە يىل ئىلگىرى جاھاندا بىر مەزگىل نام چىقارغان توپ چولپىنى بورنىڭ قىزىل رەڭلىك توپ كىيىملىرىمۇ بار.

## ھەۋەسكارلار كۇلۇبى

**ساتىراشلىق سايمانلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى:** چېخوسلوۋاكىيە، گېرمانىيە، يۇگوسلاۋىيىدە مىليونلىغان ئادەملەر ساتىراشلىق سايمانلىرىنى يىغىپ ساقلىماقتا. دۇنيا بويىچە «تاغاق پادىشاھى» دەپ ئاتالغان گېرمانىيىلىك نېك ھازىر 1000 خىلدىن ئارتۇق تاغاق ساقلاپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى بۇنىڭدىن 800 يىل بۇرۇنقى ياۋروپا كۆچمەنلىرى ئىشلەتكەن بامبۇك تاغاق، چاقچۇق تاغاق ۋە ئامېرىكا ئاللىملىرى يېقىندا لايىھىلىگەن يېڭى زامان تاغاقلىرىدىن ئىبارەت.

**قارت يىغىپ ساقلىغۇچى:** ئامېرىكىدىكى بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنىنىڭ پېرىكازچىكى گېن خوچمان قىممىتى 50 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتىپ نەچچە مىڭ ئامېرىكا دۆلەتلىرىگىچە كېلىدىغان 2000 خىلدىن ئارتۇق قارت توپلاپ ئۇلارنى دۆلەت نامى ۋە ئۆز تۈرى (ئېلان، سوۋغات، ئويۇن قاتارلىق) بويىچە ئايرىپ، يەر ئاستى ئىشخانىسىنىڭ خەت - ئالاقە ئىشكابىغا سېلىپ ساقلىغان. ئۇنىڭ «ئامېرىكا قارتلىرى قامۇسى» دېگەن ئەسىرى بار.

**سۈيدۈك قاچىسى يىغىپ ساقلىغۇچى:** برازىلىيىدە بىر كىشى نەپىس ئىشلەنگەن 200 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل سۈيدۈك قاچىلىرىنى يىغىپ ساقلىغان. ئۇ ئېكىسكۇرسىيىچىلەرگە ئېپتىخارلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بۇلاردىكى سىزدىكى چەۋەندازلىقنى نەقەدەر نەپىس ئىشلەنگەنلىكى، شۇنداق تۇرۇپ بۇلار نېمىشقا ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ھېسابلانمايدىكەن؟»

**قەلەم يىغىپ ساقلىغۇچى:** ئامېرىكىدا ئاز دېگەندە 1000دىن ئارتۇق ئادەم مەخسۇس ھەر خىل قەلەم يىغىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ۋېبىن ئىسىملىك بىر ئادەم نەچچە ئون يىل داۋامىدا 7000 خىلدىن ئارتۇق قەلەم يىغىپ ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ قەلەملەر كۆزنى قاماشتۇرغىدەك ئاجايىب نەپىس بولۇپ، قەدىمكى قومۇش قەلەمدىن تارتىپ ھازىرقى ئېلېكترون قەلەمگىچە ھەممىسى تېپىلىدۇ.

**تېلېۋىزور يىغىپ ساقلىغۇچى:** كارل گلور ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىنىڭ ۋاللىخو شەھىرىدىكى بىر ۋېلىسىپىت ماگىزىنىنىڭ خوجايىنى بولۇپ ئۇ ھازىرغىچە چوڭ - كىچىك ۋە شەكلى ھەر خىل تېلېۋىزوردىن 134 نى يىغىپ ساقلاپ كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپكى كونا تېلېۋىزوردىن تارتىپ ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ يېڭى تېلېۋىزورلىرىغىچە بار.

**بىكەتتە**

(مىكرو ھېكايە)

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى

كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ ئىشىكىدىن قىسىلىپ چىقىۋاتقان بىر ئادەم تىزغىنىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويدى. ئىمانى ئۇچقان تىزغۇن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قامالاپ تۇتقىنىچە ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىدىن يەرگە چۈشۈردى - دە، يېڭىنى شىمايلىغىنىچە:

— بۇنىڭ يولۇمنى توربىغىنىنى قارىمامدىغان! ھې! پالاكەت قېرى سەن! ... سەن ... ئۇ ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىدى - يۇ، نېمە ئۈچۈندۇر شۇ ئاندا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، — مەن ... مەن ... يەنە ئازراق ئىچىپ قويۇپتىمەن، بوگۇن كەچتىمۇ يەنە ... يەنە سىزنى ئىزدەپتىمەن ... دادا ...




(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا، سەلتەنەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ ئەدلى - ئادالىتىدىن ئەل ئامان، يۇرت پاراۋان، پۇقرالار ئىناق بولۇپ، ئىشلىرى روناق تاپقانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ مەملىكەتنىڭ بىر سەھراسىدا، تۇيۇقسىز ئادەملەر، چارۋىلار ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشتەك غەلىتە ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كەنتنىڭ ئادەملىرى، چارۋىلىرى، ئۆي قۇشلىرى، ھەتتا مۈشۈكلىرىگىچە تۈگەپ، كەنتتە جانلىق مەۋجۇدات قالماپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۈز بېشى مىڭبېشىغا، مىڭبېشى شەھەر ھاكىمىغا ۋەقە - ھاۋادىساتلارنى يەتكۈزۈپتۇ. ئارقىدىنلا ھاكىمغا بۇ ئاپەتنىڭ يەنە بىر كەنتكە ئۇلاشقانلىقى، «پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز» دەپ تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلار يۇرتىدا قېلىپ، قالغانلىرى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، مال - ۋارانلىرىنى ھەيدەپ باشقا ياقلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەپتۇ. پايتەخت شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئىنتايىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە پادىشاھنى شىددەت بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ نامەلۇم بالا - قازادىن ۋاقىپلاندۇرۇپتۇ. پادىشاھ دەرھال ۋەزىر - ئەمىر ۋە سەركەردىلىرى بىلەن كېڭىشىپ، ئۇستا چەۋەنداز، مەرگەن، باتۇرلاردىن تاللانغان مىڭ كىشىلىك ئەزىمەتلەر قوشۇنى تەشكىللەپ، كۆزگە كۆرۈنمەس بۇ خىرىسچى بىلەن جانبازلىق قىلىش ئۈچۈن شىكارغا چىقىش نامى بىلەن ئادەمسىز قالغان كەنت تەرەپكە سەپەرگە چىقىپتۇ. بۇ كەنت پايانسىز دەشت - باياۋانغا تۇتاش بولۇپ، كەنتنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئادەم ئاياغ باسمىغان، بىر - بىرىدىن ئېگىز تۈگىمەس قۇم بارخانلىرى سوزۇلۇپ كەتكەنىكەن. پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن كەنتنىڭ ئاخىرىغىچە كېلىپ، ھەممە ئەتراپنى قاتتىق كۆزىتىپتۇ. لېكىن سوقۇش قىلغۇدەك بىرەر دۈشمەننى كۆرمەپتۇ، ياكى بىرەر شەپىنى سەزمەپتۇ، ئۇلار بوش قالغان ئۆيلەردە يېتىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئادەملەرمۇ، ئاتلارمۇ ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىماپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ قورۇغدىلىشقا يۈزلەنگەن يەنە بىر كەنتكە قاراپ ئاتلىنىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر ئىدىرنىڭ يانباغرىدىن بىر كىيىك بالىسى غىل - پال

خەلق ئېغىزىدە بىياندىن

كۆرۈنۈپتۇ - يۇ، بىر تاقىلىپلا كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. پادىشاھ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قارىسا، كىيىك بالىسى ئېدىرنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سايدا قېچىپ كېتىۋاتقىدەك. پادىشاھ باشقىلار- نىڭ ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن «كىيىكنى ھېچكىم تۇتمىسۇن، ئۇنى ئۆزەم تىرىك تۇتۇپ كېلىمەن» دەپتۇ - دە، ئۆزى يالغۇز كىيىك بالىسىنىڭ كەينىدىن ئېتىنى چاپ- تۇرۇپ كېتىپتۇ. كىيىك بالىسى دەم كۆرۈنۈپ، دەم كۆرۈنمەي پادىشاھنى خېلى يەرلەرگىچە قوغلاتقۇزۇپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا، ئات چىپىدە توختاپ مىخ قاققاندەك تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئاتنىڭ ماغزاپتەك ئاپئاق كۆۋۈككە چىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئات چارچىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا، پادىشاھ- نىڭ كۆزى 10 قەدەمچە نېرىدىلا خۇددى ئاسمان- دىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان ۋە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئۇزۇن چاچلىق بىر ئايالغا چۈشۈپتۇ - دە، كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بۇ ئالۋاستىمۇ نېمە؟ دېگەن ئوي كېلىپ، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كېتىپتۇ. لېكىن دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: كىمسەن، تېز ئورنۇڭدىن! دەپ ۋارقىراپتۇ. ئايال بېشىنى بىر كۆتۈرۈپ، پادى- شاھقا لاپپىدە بىر قاراۋالغاندىن كېيىن، ئولتۇر- غان جايىدا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرۈپ- تۇ ۋە، — ئەي زاتى شېرىپ، مەن سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن، ئەمما سىياقىڭىزدىن قارىغاندا سەركەردىلەردىن ئوخشايسىز. مەن كېتىۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۇتۇمغا قۇيۇن ئۇچۇرتۇپ كەلگەن بىر چوڭ تاش تېگىپ ئوشۇ- قۇمنى زەخىملەندۈرگەنىدى، شۇڭا ھۆرمىتىڭىز



ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، كەچۈرگەيسىز، دەپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتەرگەندە كۈن ئاشۇ جايدىن يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك ئەتراپ پاللىدە يورۇپ كەتكەنىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا قوڭغۇراقتەك يېقىم- لىق ئاۋازى قوشۇلۇپ پادىشاھنى مەپتۇن قىلى- ۋاپتۇ. پادىشاھ ئىختىيارسىز ئاتتىن چۈشۈپ ئايالنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىغاندەك بولسا، ئۇ ئەمدىلا 17 - 18 ياشقا كىرگەن بىر قىز ئىكەن. پادىشاھ مەن بىر ھۆر - پەرىگە يولۇقتۇممۇ- نېمە؟ دەپ ئويلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپ- تۇ ۋە شۇ ئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قىزغا بولغان ئىشتىياق ئوتى ئۇلۇغ بىر گۈلخاندەك لاۋۇلداشقا باشلاپتۇ، كۆڭۈل تەختىنى بولسا بۇ سۆيگۈ سۇلتانى ئىستىلا قىپتۇ. قىز پادىشاھنىڭ سورد-

خانىلىرىغا جاۋابەن؛ بىز ئاتا - ئانىمىزدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇلغان ئىكەنمىز. ئاكامىنىڭ ئىسمى خۇرشىد ئىدى، مېنىڭ ئىسمىم خۇرشىدە. ئاكام جان بېقىش تەھلىكىسىدە ئىش ئىزلەپ ١ چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇ قايتىپ كەلمىدى. يېقىندا قانداقتۇر بىر غايىب ۋابانىڭ كاساپىتىدىن ئاتا-ئانام بىر كېچىدىلا يوقالدى، مەن قورقۇپ يۇرتۇمنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ، نەگە بېرىشىمنى بىلمەي مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، كۈتۈلمىگەندە پېشكەللىككە ئۇچراپ يارىلاندىم، بەختىمگە پادىشاخۇدايىمتائاللاماڭا سىزنى يەتكۈزدى ... دەپ سۆزدىن توختاپتۇ. قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن ماتا كۆڭلەك، بېشىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن كونا دوپپا، پۇتىنىڭ يالىڭاياقلىقى ئۇنىڭ ئىنتايىن نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ قىزنى ئۆزى بىللە ئەكەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن ئېتىغا مىنگەشتۈرمەكچى بولغانىدا، ئات زادىلا مىندۈرمەپتۇ. پادىشاھ بۇ ئات يات ئادەمنى مىندۈرمەيدىغان قىلىپ ئۆگىتىلگەنىدى، مەن سىزگە ئادەم ئەۋەتىمەن دەپ، ئېتىغا مىنىپ قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ قىزنى ئالدۇرۇپ كېتىپتۇ. ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن قىزنى تېۋىپقا داۋالىتىپتۇ. پادىشاھ، خۇرشىدە ئۈچۈن مەخسۇس قەسرى ساراي بىنا قىلىشنى باش ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ ھەمدە قەسرى پۈتكەندىن كېيىن كاتتا توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالىدىغانلىقىنى جاكالاپتۇ. ئەمما پادىشاھ تاقەت قىلالماي تويىنى قەسرى پۈتكەندە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، قىزنى نىكاھىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئوردىدىكى ئېسىل ئاتلار، كالىلار، قويلاردىن كۈندە بىرەرسى، توخۇ، ئۆدەك، غازلاردىن بىر نەچچىسى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. دەسلەپتە ئات باقارلارمۇ، پادىچى، چوپانلارمۇ، ئۆي قۇشلىرىغا قارايدىغانلارمۇ بۇ پادىشاھ تەرىپىدىن«دىيارىماس»لار دېيىلىپ ئەيىپلىنىپ بالاغا قېلىشتىن قورقۇپ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئەمما بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر ۋەقەنى چارۋا ئىشلىرى ۋەزىرىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇ ئارقىلىقئەھۋالدىن پادىشاھنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. باش ۋەزىر بىر ئىشقا ئالاھىدە زەن قويۇپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇ پادىشاھقا: ئەي كەرەملىك شاھىم، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، دۆلىتىڭىز سەلتەنەت، تەختىڭىز مۇستەھكەم بولسۇن، ئېلىمىزنىڭ پادىشاھىمىز، پۇقرالىرىمىزنىڭ ھاياتىمىز قالماسلىقى ئۈچۈن بىر مۇھىم گەپنى ئېيتىشقا ئىجازەت قىلسىڭىز دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. سۆزلەڭ دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر ئەزىم پادىشاھنى چوڭ بىر تام ئەينەكنىڭقېشىغا ئەكىلىپ: شاھىم، ئەينەككە قاراپ چىرايىڭىزنىكۆرۈپبېقىڭدەپتۇ. پادىشاھ ئەينەككە قاراپلا چىرايىنىڭساماندەك سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە تاقەتسىزلىنىپ بىلەن: ئەي ۋەزىرىم، بۇ نېمە ئالامەت، تېز بايان قىلىڭ دەپتۇ. ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن يېڭى مەلىكىمىز خۇرشىدەنىڭ ئادەمزات جىنسىدىن ئىكەنلىكىگە شەكلىنىمەن. بۇنىڭ بىرىنچى ئىسپاتى سىزنىڭ چىرايىڭىزنىڭ مۇردا تۈسىنى ئالغانلىقى؛ يەنە بىرى ئوردىدىكى ئات، كالا، قويلارنىڭ غايىب بولۇشى، — دەپتۇ باش ۋەزىر. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ۋەسۋەسگە چۈشۈپ قاپتۇ ھەمدە ئىزتىراپ بىلەن: ئەي ۋەزىر ئەزىم، سىزچە خۇرشىدە ئادەمزات بولمىسا، ئۇ نېمە؟ دەپ سوئال قويۇپتۇ. ئۇ يۇھا دەپتۇ ۋەزىر.

ئاندىن، — يىلان 40 يىل ياشىغاندىن كېيىن ئەجدىھار بولارمىش، ئەجدىھار 40 يىل ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن يۇھا بولارمىش، يۇھا 40 يىلدىن كېيىن ئادەمزاتقا، ھەر خىل ھايۋانلارغا ئۆزگىرەلەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولارمىش. مەن ئوردىمىزدا يۈز بەرگەن ئالامەتلەرگە قاراپ، خۇرشىدەنى يۇھالىق دەرىجىسىگە يەتكەن يىلان دەپ قەتئىي ھۆكۈم قىلىشقا يولۇقمەن، ئادەمسىز قالغان ئىككى كەنتنىمۇ مانا مۇشۇلار قۇرۇغدۇۋەتكەن دەپتۇ. «مۇشۇلار» دېگىنىڭىز نېمىسى، بۇ يالغۇز ئەمەسمۇ؟ دەپ دەرھال سوراپتۇ پادىشاھ تېخىمۇ ۋەھىمە ۋە ئەندىشە ئارىلاش.

— بۇلار بىر جۈپ ئىدى — خوتۇن يۇھا بولۇشى چوقۇم. بىرسى ئوردىغا كىرىۋالدى، يەنە بىرسى سەھرادا قالدى. بىرسى ئىچكىرىدىن، بىرسى سىرتتىن بىزنى خاراپ قىلىشقا تۇتتۇندى. ھازىر يەنە بىر كەنتىمىزنىڭ جانلىقسىز قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى دەپتۇ باش ۋەزىر.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ ۋەزىرگە قاراپتۇ بالانى يوقىتىمەن دەپ چىقىپ قازانى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ كىرگەن پادىشاھ «خۇرشىدە»نىڭ «خۇرشىدە» توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەسلەپ.

— ئالدى بىلەن سىزنىڭ گۇمانىڭىزنى تۈگەتمىش كېرەك، ئاندىن سىز بۇ بالايى — ئاپەتنى يوق قىلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلايسىز، خۇرشىدەدىن مېھرىڭىزنى ئۈزىسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز شاھلارغا خاس جەسۇرلۇق، زېرەكلىك ۋە تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن خۇرشىدەنى كۆزىتىپ كۆرۈڭ. بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاددى. بۈگۈن تۈزلۇقراق تاماق يەڭلار، ياتار ۋاقتىدا چىنىنە — چەينەكلەردە بىر يۇتۇممۇ سۇ قالمىسۇن، مەن ئېرىقلاردىكى سۇنىمۇ توختىتىۋېتىمەن، پەقەت ئوردا كۆلىنىڭ سۈيىگە تەگمەيمەن، قالغىنىنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ بىلىۋالىسىز ... دەپتۇ باش ۋەزىر.

پادىشاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن كەچتە ئاشپەز مەخسۇس تۇزلانغان گۆش، تۇزلانغان بېلىق بىلەن تاماق ھازىرلاپتۇ. پادىشاھ خۇرشىدە بىلەن بىللە غىزالىنىپتۇ. كېچىسى مەلىكە ئۇسساپ كېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇزلۇق ئىچمەكچى بوپتۇ، ئەمما چەينەكلەردىن بىر يۇتۇممۇ چاي تاپالماپتۇ. ئېرىقتىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقسا ئېرىقمۇ قۇرۇق تۇرغىدەك. ئىلاجىسىز يېنىپ كىرىپ ئورنىدا يېتىپتۇ. ئەمما ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالماپتۇ. ئاخىرى يىلان سۈرىتىگە كىرىپ ئاستا سوزۇلۇپ بېشىنى تۈگۈنۈكتىن چىقىرىپ كۆلدىن سۇ ئىچىپتۇ. ئۇنىڭ قۇيرىقىنى قۇچاقلاپ ياتقان پادىشاھ بەدىنىگە تەككەن مۇدھىش سوغۇق ئەتتىن تېنى جۇغىدە قىلىپ شۈركىنىپ، جېنى قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتكىدەك بوپتۇ، پۈتۈن ئەزايىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كېتىپتۇ. يىلاننىڭ سۇنى غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇۋاتقانلىقى، سۇنىڭ ئۇنىڭ قارنىغا شارىلداپ ئېقىپ كىرىۋاتقانلىقى پادىشاھقا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ بىر كېچىنى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ ئاران تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ ...

— دانا ۋەزىرىم، ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى دەلىللەندى. بۇ ۋەھىمىنى تېزراق گۇم قىلىشقا ئەقىل كۆرسىتىڭ ... دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىر ئەزىمگە.

— يېڭى مەلىكىمىز ئۈچۈن ياسىلىۋاتقان ھەرەمباغنى 30 كۈن ئىچىدە پۈتتۈرىمەن. سىز بۈگۈنلا مەلىكىگە بىر ئايدىن كېيىن توي ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇڭ، مۇشۇ بىر مەز-

كىل ئىچىدە ئىشىڭىزنىڭ ئالدىراشلىقىنى سەۋەب قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولالماي … دەپتۇ ۋەزىر ئەزەم پادىشاھقا.

...................... .. ......

پادىشاھ بىر كۈنى كەچتە «خۇرشىدە»نىڭ ھوجرىسىغا كىرسە «خۇرشىدە» ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا يىغلاپ ئولتۇرغىدەك. پادىشاھ ئۇنىڭدىن يىغلاشنىڭ بائىسىنى سوراپتۇ. «مەلىكە» مېنىڭ خۇرشىد ئىسىملىك بىر ئاغامنىڭ بارلىقىنى سىزگە ئېيتقانىدىم. كاشكى ئۇ يېنىمىزدا بولغان بولسا، ئاتا ـ ئانامنىڭ يوقلىقىمۇ ئانچە بىلىنمىگەن بولاتتى، مەن تەرەپتىنمۇ بۇ قۇتلۇق شاھانە مەرىكىمىزنىڭ بېشىدا تۇرۇپ بېرىدىغان بىر ئىگە بار بولاتتى دەپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆز يېشىمنى توختىتالمايۋاتىمەن، دەپتۇ.

ـ خاتىرجەم بولۇڭ مەلىكەم، ئاكىڭىزنىڭ سىزنىڭ نامىڭىزنى ئىشىتىپ، يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ مەن توي جاكاسىنى قەغەزگە نامە قىلىپ مەملىكىتىمىز تەۋەسىدىكى ھەممە شەھەرلەردىن تارتىپ يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ۋە باشقا پادىشاھلىقلارغىچە ئەۋەتىپ ئېلان قىلدۇردۇم. دەپتۇ پادىشاھ. مەلىكە پادىشاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ۋەزىر ئەزەم قۇيمىچىلارنى يىغىپ پولاتتىن تۇخۇمسىمان بىر ئۆي قۇيدۇرۇپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئېچىش ـ يېپىشتا مەخسۇس ئەسۋاپ بىلەن باشقۇرىدىغان قىپتۇ. ئىشىك-دېرىزىلىرى يېپىق تۇرغاندا، شۇنداق ھىم بولىدىكەنكى، يىڭنىنىڭ كۆزىدەك بىرەر يوچۇقمۇ قالمايدىكەن. باش ۋەزىر ھەرەمباغنىڭ مۇشۇ ئۆينى ئورۇنلاشتۇرىدىغان جايىغا ناھايىتى چوڭ چوڭقۇر بىر كۆل قازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەرجىن ئوتۇن تىزدۇرۇپتۇ. ئوتۇننىڭ ئۈستىگە پولات ئۆينى قوندۇرۇپ، ئاندىن ئوتۇننىڭ ئۈستىنى سۇۋاتقۇزۇپتۇ. مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنى گۈل ـ گىياھلارنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئەكىلىپ كۆچۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر ئاي ئىچىدە پادىشاھنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ كۆركەم، ھەرقانداق پادىشاھلىقتا يوق، ھەممىگە مەنزۇر بولغىدەك بىر ھەرەمباغ قەد كۆتۈرۈپ، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپتۇ.

توي باشلىنىپتۇ. تويىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئوردا بېگى پادىشاھقا سىرتتا بىر يىگىتنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ ئېلىپ كىرىڭ دەپتۇ. ئوردا بېگى 20 ياش ئەتراپىدىكى نەۋقىران بىر يىگىتنى باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ يىگىت مەلىكە خۇرشىدەگە شۇنداق ئوخشايدىكەنكى، بىر قېلىپتا قۇيغاندەك ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ، مەلىكە ئەر سىياقىغا ئۆزگىرىۋالدىمۇ نېمە؟ دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرمەيمۇ قالماپتۇ.

يىگىت سالام-سائەت بەجا كەلتۈرۈپ، پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەندىن كېيىن، تويىنى مۇبارەكلەپتۇ ۋە بەخت تىلەپتۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ مەلىكە خۇرشىدەنىڭ ئاكىسى خۇرشىد ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىپ، پادىشاھقا تۇغقان بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن خۇرشىدنى مەلىكە خۇرشىدە ئولتۇرغان تۇخۇمسىمان ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. «ئاكا ـ سىڭىل» قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپتۇ. پادىشاھ خۇرشىدنى تۆرگە چىقىرىپ، ئالدىغا كاتتا داستىخان سېلىپ، ئالاھىدە كۈتۈۋاپتۇ. سازلارنىڭ يېقىملىق ساداسى، ناخشىچىلارنىڭ بۇلبۇلدەك خۇش ناۋاسى ھەرەم-

يانىنى چاك كەلتۈرۈپتۇ، رەققاسلارنىڭ نەپىس ئۇسسۇللىرى بۇ يېڭى سارايغا جۇلا قوشۇپتۇ. ھەتتا خۇرشىدەمۇ:

«بۇ قىزىل كېيگەن تامامى قىز كەنىزە-
كىمدۇر مېنىڭ،
جىلۋە - جىلۋە ھەر تەرەپ سەجدىجامە
گۈلگۈندۇر بۈگۈن»

دەپ غەزەلخانلىق قىلىپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن پادىشاھ ئەمدى ھەممىڭلار قايتىڭلار، بۇ ئاكا - سىڭىل بىر دەم ئۆز ئارا ھال - ئەھۋال ئېيتىشىپ مۇڭدىشىۋالسۇن ... دەپتۇ. ئۆيدە «ئاكا - سىڭىل» ئىككىسىلا قاپتۇ.

ۋەزىر ئەزەم تۇخۇمسىمان ئۆينىڭ ئاستىدىكى ئوتۇنلارغا پاتمانلاپ ياغلارنى چېچىپ، بىر نەچچە جايىدىن ئوت ياقىدىغان قىلىپ پۇختا تەييارلىق كۆرگەنىكەن. باشقىلار ئۆيدىن چىقىپ بولۇشقا ئىشىك، دېرىزىلەرنى مەخسۇس باشقۇرۇش ئەسۋابى بىلەن بېكىتىپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. «خۇرشىد» بىلەن «خۇرشىدە» دىن ئىبارەت بىر جۈپ ئەر - خوتۇن يۇھا تېپىشىپ، ئۆز مەئىشەتلىرى ۋە ئۇندىن كېيىنكى قىرغىنچىلىق پىلانلىرى ئۈستىدە بىخىرامان سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئۆي ئاستا - ئاستا ئىسسىشقا باشلاپتۇ، بولۇپمۇ ئۆينىڭ ئاستى تەرىپى بەك قىزىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىشىكنى تاپالماپتۇ. تامنى ئۇرۇپ بېقىپتۇ، ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەنت قىلىنغانلىقىنى بىلىپ، يىلان سۈرىتىگە كىرىپ ئۆينى تېشىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆينىڭ تېمىغا ئۇرۇپتۇ. بىراق ئۆي ئۇياقتىن - بۇياققا دومىلاپ بارغانچە ئاستىغا چۆكۈپتۇ. ھەر قېتىم دومىلىغاندا ئۆينىڭ ھەممە تەرىپى تېخىمۇ تەكشى قىزىپ ئاتەشكە



ئايلىنىپتۇ. بارا - بارا قىپ - قىزىل چوغ بولۇشقا باشلاپتۇ. يۇھالار ئاخىرقى قېتىم بىرلىكتە بار كۈچى بىلەن ئۆينىڭ چوغ بولغان جايىغا ئۇسسۇپتۇ، بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئىككى يۇھانىڭ بېشى بوينىغىچە سىرتتا چىقىپتۇ. لېكىن ئاسمانپەلەك كۆيۈۋاتقان ئوت، ئۇلار ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى قانداق دەم تارتقان بولسا ئۇلارنىمۇ خۇددى شۇنداق ئۆز قەھرىگە يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇلار چارسىلداپ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇندىن كېيىن پادىشاھ

«شەرىئەت ئىزلىمەك ئۆلتۈر يىلاننى،
تەرىقەت ئىزلىمەك ئاغرىتما جاننى»

دېگەندىن ئالدىنقىسىنى تاللىۋېلىپ، تەرىقەتچىلەرنىڭ كۆز قارىشىدىن كاللىسىنى ئازادقىپتۇ. چۈنكى پادىشاھنىڭ تاللىۋالغىنى ھاياتلىق يولى ئىكەن. يىلاننى ئۆلتۈرمىسەڭ سېنى چېقىپ ئۆلتۈرىدىكەن، بار - يوقۇڭنى دەم تارتىپ تۈگىتىدىكەن.

رەتلىگۈچى: نەجمىدىن سىدىق




## گۈل تۇتۇش

سۇ كېلەدۇر، سۇ كېلەدۇر،
تاغنى ئارىلاپ ساي بىلەن.
مېنىڭ يارىم خۇش كېلەدۇر،
يېڭى تۇغقان ئاي بىلەن.

ئاي تۇغۇپ پەرمانە بولدى،
كۈن تۇغۇپ مەشرەپ بىلەن.
خۇش بولۇپ كەلتۈردى مەي،
يارىم كۈلۈپ شەرەت بىلەن.

يارغا تۇتتۇم بىر تۇتام گۈل،
چېكىسىگە قىسقىلى.
ئەقلى بولسا گۈلنى ئالسۇن،
پەمى بولسا غۇنچىنى.

## يارىم كەتتى

كېتەردە خۇش دېگەن بولساڭ،
پېشىڭگە ئېسىلىۋالماستىم.
خالىدا سۆيۈپ قويساڭ،
لېۋىڭنى چىشلىۋالماستىم.

جاھاندا بىر گۈلى رەنا،
ئۈنى ئۈزمەي غازاڭ بولدى.
كۆيەك ئوتقا مېنى تاشلاپ،
ئۆزى يولغا راۋان بولدى.

## قارىمايمەن بۆلەككە

ھەي خېنىم، جېنىم خېنىم،
يۆلەنمىگىن تېرەككە.
كۆيدۇرسەڭمۇ ئۆلمەيمەن،
كىم ئۆلۈپتۇ كۆيەككە.

ئادەم دېگەن ھۆل نېمە،
ئوت كەتمەيدۇ يۇرەككە.
ئايرىلمەن دېمىگىن،
قارىمايمەن بۆلەككە.

## يار كەلگەنمىدۇ؟

سوغۇق بولۇپ قار ياغدى،
پىسەنت ئەتمەيمەن.
يارنىڭ سالغان ئوتى بار،
توڭۇپ كەتمەيمەن.

سىز ئاقىدۇ ھەر ۋاقىت،
ئېگىزدىن پەسكە.
يار ۋاپادار بولمىسا،
چۈشەمدۇ ئېسكە.

ئاپتاپپەرەس ئېگىپتۇ،
بېشىنى كۈنگە.
ساقلاپ كەلدىم يارىمنى،
تاكى بۇگۈنگە.

كۈركىرايدۇ پاقىلار،
ياز كەلگەنمىدۇ؟
ئوك قاپقىم تارتىدۇ،
يار كەلگەنمىدۇ؟

---

**توپلىغۇچىلار: ئابلەت ئابدۇللا، جۇرئەت نىزامىدىن، تۇرسۇن زېرىدىن، تەلئەت جېلىل**

بىلىمدىن ئارتۇق دوست يوق

ھۆسنخەت ئەسەرلىرى

ئابلىكىم ئەخمەت يازغان

بىلىم غايەت زور بايلىق

بىلىم ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي زىننەت

كۆچەت تىكىش پوتاپ تۇرولام ئالسە

بىنار بولساڭ كىتاب كۆر بىلىم ئالسە

مەدەنىيەتنىڭ بىناكارى

ھاياتلىق مەن ئۈچۈن قىممەت،

ھاياتلىقتىن قىممەت مۇھەببەت،

كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن،

ئەركىنلىك ھوقۇق ئۈچۈنلا پەقەت

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق

ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق

بىلىم كۈچ

ھۈنەر قىلسا ئۈنەر



ھۈنەر ئۆگىنىش (غەيرەت ئوسمان فوتوسى)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

新疆文化（维吾尔文）　35 - يىل نەشرى 1986 - يىل 4 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ


مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 تىزىملانغان نومۇرى: 361


تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 28055. باھاسى 30 پۇڭ



ئۈچتۇرپاندىكى مەشھۇر سەيلىگاھ — تۇققۇز بۇلاق



مۇھەببەت ناخشىسى



ئاسلان

ئابلەت راخمان فوتوسى